# ئوكسگېن

# oxygen



2016 2

ئوكسگېن ـ ئائىلە مائارىپى ئىزدىنىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن

# بەت بوسوغىسى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن :

«ئوكسىگېن» - ئوكسىگېن ئائىلە ماائارىپى ئىزدىنىش گۇرۇپپىسى ئىشلىگەن ئايلىق تور ژۇرنىلى بولۇپ، 2016 - يىلى قەھرىتاندىن باشلاپ ، ئوكسىگېن ئائىلە ماائارىپى ئىزدىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئورگان توربېكىتى بولغان «تاشپولات روزى ئەزىز ئىشخانىسى » توربېتى ۋە شۇ نامدىكى ئۈندىدار سالونىدا ئېلان قىلىنغان يازمىلاردىن تاللاپ كىرگۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ.

مەزكۇر تور ژۇرنىلىدا ئاساسلىقى ئائىلە ماائارىپىغا ئائىت مەزمۇنلار ئاساسى يادرۇ قىلىنىپ مائارىپ ئىكولوگىيىسىگە ئائىت ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ. بارلىق ئەسەرلەر ئەمگەك مېۋىمىزگە تەئەللۇق بولۇپ، كۆچۈرۈلمە مەزمۇن يوق.

«ئوكسىگېن» نىڭ تۇنجى سانى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تورداشلارنىڭ بەرگەن باھاسى بىردەك ياخشى بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئوقۇرمەنلەر تورژورنىلىمىزنىڭ كېيىنكى سانلىرىغا بولغان تەقەززالىقىنى بىلدۈرۈشتى . بىز بۇ ساندا ئالدىنقى سان ھەققىدە كۆپچىلىك ۋە ئۆزىمىز مۇئەييەنلەشتۈرگەن نۇقتىلارنى تېخىمۇ ياخشىلاش، كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىش ئارقىلىق ژورنالنىڭ سۈپىتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردۇق دەپ ئويلايمىز. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇندىن كېيىن مەزكۇر ژورنالنىڭ تېخىمۇ سۈپەتلىك چىقىشى ئۈچۈن قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئايىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

- ھۆرمەت بىلەن «ئوكسىگېن» ئائىلە ماائارىپى ئىزدىنىش گۇرۇپپىسى

+ + + + + + + + + + + + + + + + + + + + + + + + + + + + + + + + + +

## ئورگان توربېتى

http://www.t-rozi.com

## ئورگان سالونى

TashpolatRozi

# مۇندەرىجە


☑ بالىڭىز نىمىشقا «دۆت» لىشىپ كېتىدۇ

ئاپتورى تاشپولات روزى ئەزىز \ 1 ـ بەت

☑ ناچار ئوقۇغۇچى قانداق «تاۋلاندى»

ئاپتورى تاشپولات روزى ئەزىز \ 5 ـ بەت

☑ بالىڭىز نىمىشقا يەسلىدىن بەزدى

ئاپتورى تاشپولات روزى ئەزىز \ 9 ـ بەت

☑ نوبىلغا ئېرىشكەن ئائىلە تەلىملىرى

تەرجىمان: تاشپولات روزى ئەزىز \ 12 ـ بەت

☑ سىز كىتابنى قانداق ئوقۇيسىز

ئاپتورى : تاشپولات روزى ئەزىز \ 19 ـ بەت

☑ بەشتال يۇمۇر ياكى بەشتال پەلسەپە

تەرجىمان : تاشپولات روزى ئەزىز \ 22 ـ بەت

☑ تىزگىنلەنگەن نۇر

تەرجىمان : تاشپولات روزى ئەزىز \ 26 ـ بەت

☑ لوندون «گوللاندىيە سارىيى» كۇتۇپخانىسىنىڭ ئوقۇرمەنلىرى

ئاپتۇر: تاشپولات روزى ئەزىز \ 27 ـ بەت

☑ كاربوناتلىق ئىچىملىكلەر ھەققىدە پاراڭ

تەرجىمان : تاشپولات روزى ئەزىز \ 32 ـ بەت

☑ كىنولارنىڭ ساغلاملىق كۆرسەتكۈچىنى بىلەمسىز

ئاپتۇر : تاشپولات روزى ئەزىز \ 38 ـ بەت

☑ (2+10)*5 ئۆگىنىش (ۋاقىت باشقۇرۇش ) ئۇسۇلى ھەققىدە

ئاپتۇر : تاشپولات روزى ئەزىز \ 44 ـ بەت



# بالىڭىز نېمىشقا «دۆت» لىشىپ كېتىدۇ ؟

ئامېرىكا بالىلار مائارىپى مۇتەخەسسىسى لىلىيەن كەيس تەتقىقات جەريانىدا شۇنداق بىر يەكۈن چىقارغان : نۇرغۇن بالىلارنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتى جەريانىدا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان ئۆگىنىشكە قىزىقماسلىق، شۇنداقلا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قېلىشى قارىماققا كىشىگە بۇ بالىلار نېمىشقا ئۆگەنگەنسېرى دۆتلىشىپ كېتىدىغاندۇ دېگەن تەسىرنى بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل «دۆتلۈك» ئۆگىنىۋېلىشتىن كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ يوقۇلۇشى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ كاساپىتىدىندۇر :

ئۆگىنىش نىشانىنى زىيادە يۇقىرى بېكىتىپ بېرىش بىرقىسىم ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ پسىخىكىلىق ۋە ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىياتى بىلەن ھېسابلاشماي، ھەمىشە ئۇلارغا ئۆگىنىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق يېتەكلەش ئېلىپ بارمايدۇ، چۈشەنچە بەرمەيدۇ، نەتىجىدە بالىلار مەڭگۈ قانداق ئۆگىنىشنى بىلەلمەيدۇ، ھەرقېتىمدا پەقەت مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنىلا تېتىيدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشتە غەلىبە لەززىتىدىن بەھرىلىنىدىغان چاغلىرى يوقنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدىكى بالىلارنى ئاتا-ئانىلار دېمىسىمۇ،

ئۇلار ئۆزلىرى «مەن دۆت» دەپ ھۆكۈم پىچىپ بولغان بولىدۇ.

بىلىم ئىگىلەش ۋاقتى زىيادە بالدۇر بولۇپ كېتىش بىرقىسىم پەرزەنتىدىن پەقەت «سۇمۇرۇغ» قا ئايلىنىشنىلا كۈتۈدىغان ئاتا-ئانىلار باركى ، بالىلىرىنىڭ ھەرقانداق رىقابەتتە ئۇتتۇرۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن، زىيادە بالدۇرلا يۇمران بالىغا ئوقۇش، يېزىش، ھېسابلاش مەشىقلىرىنى باشلىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇخىل بىلىملەر گۈدەك بالىلارنىڭ تونۇش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. گەرچە بالىلار شاتۇتلارچە بۇ بىلىملەرنى ئۆلۈك فورمىدا يادقا ئالالىسىمۇ، ھېچنىمنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا بۇ تېگىدىن ئېيتقاندا بالىلارنىڭ كېيىنكى ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇلار ناھايىتى بالدۇرلا روھىي بېسىم ئېلىپ كېلىپ ، كېيىنكى ۋاقىتتىكى رەسمىي ئۆگىنىش باسقۇچىدا ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

پاسسىپ بىشارەتنىڭ زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىشى پسىخولوگىيىدە شۇ نەرسە جەزىملەشتۈرۈلگەنكى، سىرتقى دۇنيادىن كەلگەن تىل ۋە ھەرىكەتلىك بىشارەتلەرنىڭ بالىلارنىڭ پسىخىكا ساغلاملىقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن زور. بىرقىسىم ئاتا-ئانىلار ئاغزىدىن «دۆت»، «كالۋا»، «پالاكەت» ... دېگەندەك پاسسىپ بىشارەتلەر تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ. ھەتتا بەزىدە غەزەپتىن پىرىلغۇدەك ھالەتتە زەربىلىك تەنقىدلەش، تىللاش بىلەن بالىغا تەربىيە بەرمەكچى بولىدۇ. ھەتتا بەزى ئاتا-ئانىلار ئۆز بالىسىنى باشقىلارنىڭ بالىسىدىن چۈشۈرۈش بەدىلىگە كەمتەرلىكنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن : «بىزنىڭ ئادىلنىڭ زادى كاللىسى يوق! قاراڭە سىزنىڭ بالىڭىزنىڭ ئەقىللىقلىقىنى !» دېگەندەك ... بەزىدە ئۆزبالىسىنىڭ ئىسمىنى دۆت دېگەن ئاتالغۇغا ئالماشتۇرۇپ چاقىرىدۇ. مەسىلەن: « ھەي دۆت، بۇنداق قىلمايسەن بۇنى !» ...دېگەندەك. ئەسلى مۇددىئا قانداق بولۇشى ، ئەسلى مەناسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي ـ نەزەر ، سەبىيلەرنىڭ قوبۇل قىلىدىغىنى « مەن دۆتكەنمەن!» دېگەن پاسسىپ بىشارەتتۇر. ئەگ يامنى بۇنداق ئەھۋال

داۋاملىشىۋەرسە، باللاردا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسى كۈچىيىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىن گۇمانلىنىش ئېغىرلىشىپ يېڭى بىلىملەرنى ئەستە ساقلىشى كۈنسىرى تەسلىشىدۇ. ئەلۋەتتە ئاقىۋەتتە ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ « دۆت » لەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ .

ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئادەم غەلىبە قىلغان پەيتتە، چوڭ مېڭە خۇشاللىق ھورمۇنى بولغان « ئېندورپىن» ( endorphin ) نى قويۇپ بېرىدۇ، بۇ باللاردا ئېخمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ . بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا مۇۋەپپەقىيەت ئانىسى ھېلقى ھېكمەتتە ئېيتىلغىنىدەك ھەرگىزمۇ مەغلۇبىيەت ئەمەس بەلكى مۇۋەپپەقىيەتتۇر، شۇڭا، ئويۇن ئويناش، قول ئىشلىرىنى قىلىش، ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلاردا باللارنىڭ چوڭ مېڭىسىنى «ئېندورپىن» قويۇپ بېرىشكە يېتەكلەش كېرەك. شۇنداقلا باللارنىڭ ئىش بېجىرىشى ۋە مەلۇم ئىجادىيلىقلارنى ئورۇندىشىدىن كېيىن، ئۇلارنى مازاق قىلىشتىن ساقلىنىش زۆرۈر. ناۋادا باللىرىڭىز ئاتىنى كالىغا ئوخشىتىپ سىزىپ قويغان بولسا، سىز ئۇنىڭغا كالا بىلەن ئاتنىڭ پەرقىنى سەممىي رەۋىشتە، ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ. ھەردائىمقى ئىزدىنىشىنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىش پۇرسىتى، بىراق باللارغا بەك يۇقىرى ئۆگىنىش نىشانى بېكىتىپ بېرىش خاتا. باللارغا ھېلقى «پاكارراق ئالما دەرىخىنى كۆرسىتىپ قويۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك، باللار تاپىنىنى ئازراق كۆتۈرۈپ، قولىنى قىينالماي سوزۇپ ئالما ئالالىسا ئۇلار ئۇچۇن قالتىس ئىلھام بولغۇسى .

پسىخكاشۇناسلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، باللاردا كونكرىتنى ئۆز-ئۆزىنى باھالاش ئىقتىدارى يېتىلمىگەن بولغاچقا ئاساسەن ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە ئاساسەن ئۆزىنى باھالايدۇ. ئاتا-ئانىلار شۇنىڭ ئۈچۈن باللىنىڭ ھەربىر مەغلۇبىيىتى ۋە خاتالىقى ئۈچۈن كەڭ قورساقلىق قىلىشى كېرەككى، ئۇلارغا سوغۇق نەزەردە قاراپ سالماسلىقى كېرەك. ئۇلارنى تىللاش، تەنقىدلەش ئېخمۇ خاتا ئەلۋەتتە. ئىسسىقىزدە بولسۇن ، ھاياتتا

پالاكەتلىك قىلىش، يېڭىلىش دىگەنلەر ھەممە ئادەم قىچىپ قۇتۇلالمايدىغان نەرسە، جۈرئەتلىك، سەگەك- زىرەك ئادەملەر ئۇنىڭدىن ئەقىل - ساۋاق ئالالايدۇ، داۋاملىق تىرىشالايدۇ.

بىر ماتېرىيالدىن كۆرۈشىمىزچە، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقلىق بىر مائارىپشۇناس باللارغا دەرس ئۆتكەندە ، بىر « بايانات پومزىكى» تەييارلىۋالغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن يەرگە تاشلىغاچ، بىر تەرەپتىن سوئال سورىغان، كىم توپنى تۇتىۋالسا شۇ جاۋاب بەرگەن. بەزىلەر بۇنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭغا بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلىقنى ئېيتقاندا، ئۇ جاۋابەن ناۋادا «بايانات پومزىكى» بولمىسا باللارنىڭمۇ سۆزلەش قىزغىنلىقنىڭ قالمايدىغانلىقنى بىلدۈرگەن.

بۇيەردە ئۆتكەندە بىر ئۇندىدار توپىدا كۆرگەن مۇنۇمەزمۇن يادىمغا يەتتى : چىخوپ ئۆگىنىش ھەققدە مۇنداق ئېيتقان ئىكەن : « ئۆگىنىش دېگەن نېمە ؟ ئۆگىنىش ھەيران قىلىشتۇر، چۈنكى ھەيران قىلىش بولمىسا، قىزىقىش بولمايدۇ، قىزىقىش بولمىسا ئويلىنىش بولمايدۇ. ئويلىنىش بولمىسا ئىزدىنىش بولمايدۇ، ئىزدىنىش بولمىسا ئىجاد قىلىش بولمايدۇ ...( قىسقارتىلدى ) »، شۇنداق، قىزىقىش ئەڭ ياخشى ئۇستاز.




ھەجۋىي رەسىم : « ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆزىدە»




كىرىش سۆز : دۇنيادا ئەسلىدە « ناچار ئوقۇغۇچى » يوق ئىدى، لېكىن مائارىپ كۆپ خاتالاشقانلىقى ئۈچۈن «ناچار ئوقۇغۇچى» مۇ كۈنسېرى كۆپىيىپ كەتتى. توغرا، باللار مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ «سىرلىق زاۋۇت» قا ئېلىپ كېلىنىپ پىششىقلىنىشتىن ئاۋۋال بىر-بىردىن ئۇماق، ئەقىللىك، شوخ ۋە شۇنچە غۇبارسىز ئەمەسمىدى ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتا-ئانىلارنىڭ تەڭرىدىن تاپشۇرۇپ ئالغان قىممەتلىك سوۋغىتى ئەمەسمىدى؟ ئۇلار ئاتا-ئانىلارنىڭ ئارزۇسىدىكى ئالىم، ئۇچقۇچى، چولپان، كارخانىچى ، يازغۇچى ..لار ئەمەسمىدى؟بۇ بىر-بىردىن سۆيۈملۈك باللار قانداق قىلىپ بىر-بىردىن ئۆتە كىشىنى بىزار قىلىدىغان «ناچار ئوقۇغۇچى»لارغا ئايلىنىپ كەتتى؟

بىز تۆۋەندىكى ئۈچ قەدەملىك سەۋەب ئارقىلىق « ناچار ئوقۇغۇچى قانداق تاۋلاندى؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ باقايلى :

بىرىنچى قەدەم : ئوقۇتقۇچىلار سان - سىپىرلىق كۆرسەتكۈچلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، نەتىجىسى ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پېشانىسىگە « ناچار» لىق تامغىسىنى بېسىپ قويىدۇ.

باللار مەكتەپكە كىرىشتىن ئاۋۋال، مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ سىرلىق قورغانغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ قەلبىدە تولۇپ-تاشقان قىزىقسىنىش بولىدۇ، ئوقۇتقۇچىلارغا كارتون فلىملەردىكى خاسىيەتلىك قەھرىمانلارغا ھەۋەس قىلغاندەك قارايدۇ، ئاشۇ رەڭگارەڭ مۇقاۋىلىق ئاجايىپ كىتابلارنى چوڭلاردەك بىمالال ئوقۇپ كەتكۈسى كېلىدۇ..دېمەك ئۇلار مەكتەپكە نىسبەتەن ئىنتايىن ئۈمىدۋار.

بىراق مەكتەپكە كىرىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن، بەزى بالىلار دەرستە جىم ئولتۇرالمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئوقۇتقۇچىسىدىن تەنبىھ ئاڭلاشنى باشلايدۇ، ناۋادا ئۆگىنىش نەتىجىسى ئادەتتىكىچە بولسا ياكى ئارقىدا قىلىپ قالغۇدەكلا بولسا ، ئاستا-ئاستا ئۇ بىچارە ، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ نەزىرىدە بىردەك « ناچار ئوقۇغۇچى »غا ئايلىنىپ قالىدۇ.

بەزى بالىلار ئۆيۈنگە تويمىغانلىقى تۈپەيلىدىن دائىم تاپشۇرۇقلارنى ياخشى ئورۇندىيالمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئارقىدىن سانىغاندا «ئالدىنقى قاتاردا» بولىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ جەھەتتە ئاساسلىق پېرسوناژلىق رولىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دائىمىلىق تەنبىھ مەركىزىدە ئۇلار ئاساسلىق چولپان -شۇڭا كېيىنچە ئۇلارنىڭمۇ بۇ ئىمتىيازنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچى قەدەم : ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ نەتىجىسىنىلا كۆرۈپ بوشاپ كېتىدۇ-دە، يۈزىنى تۆككەن بۇ نان قېپلارنى «ناچار ئوقۇغۇچى» لار سېپىگە ھەيدەيدۇ.

بالىسىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ قېلىشى تۈپەيلىدىن ئاتا-ئانىلار ئوقۇتقۇچىلاردىن دارىتمىلاش ئاڭلاپلا قالسا، قارىماققا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋالغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاتا-ئانىغا نىسبەتەن بۇ بىر زەربە ياكى ھاقارەت، ئەيتاۋۇر قوبۇل قىلمىقى تەس، ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان رېئاللىق.

شۇڭا ئوقۇتقۇچى بالىسىنىڭ نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئۆگىنىش ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقىنى تەكىتلەۋەرگەن ئاتا-ئانىلارنىڭ نەزىرىدە بالىسىنىڭ سۆيۈملۈك ئوبرازى بارا-بارا خىرەلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا بىزارلىق كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچە ھاللاردا مەكتەپلىرىمىزدە ئېچىلىدىغان تۈرلۈك ئاتالمىش «ئاتا-ئانىلار سۆھبەت يىغىنى» لىرىدا ئاتا-ئانىلارنى نومۇسقا قويىدىغىنى يەنىلا شۇ بالىسىنىڭ نەتىجە قەغىزى، ياكى شۇ جەھەتتىكى سىلىشتۇرۇپ باھالاشلاردۇر. ئاتا-ئانىلار يىغىندا ئابرۇيى زەربىگە ئۇچرىغان قانچىلىك ئاتا-ئانا ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ ،

بالىسى بىلەن سىردىشىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈستىدە باراۋەر سۆھبەتلىشەر؟

قىسقىسى، مەكتەپ تەلىم-تەربىيىمىزدىكى ھەددىسىلا باللارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى سىلۇشتۇرۇپ باھالاشقىلا ئېسىلىۋىلىشى ۋە ئۇنى باللارنىڭ يارامىلىق ياكى يارامسىزلىقىنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋېلىشى، ئاتا-ئانىلارغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ باللىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىش ھەتتا تاشلىۋېتىش، كارى بولماسلىق كەيپىياتىنى كۈچەيتۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باللارنىڭ « ناچار ئوقۇغۇچى » بولۇپ تاۋلىنىشىنىڭ ئائىلە مۇھىتى ھازىرلانغان بولىدۇ.

ئۈچىنچى قەدەم : باللار تورخانىدىن، بىلياردخانىدىن مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىنى ئاسانلاتاپالايدۇ، چوڭلارغا خاس سورۇنلاردا ئىچ-پۇشۇقىنى چىقىرالايدۇ، كوچىدىكى بىكارتەلەپلەر ئارىسىدىن مەسلەكداشلارنى ئۇچرىتالايدۇ، دېمەك مەكتەپ بېرەلمىگەن ئىللىق تۇيغۇنى، مەكتەپنىڭ دۈشمەنلىرى بېرەلەيدۇ ! باللار ئۇيەرلەردە « ناچار ئوقۇغۇچى » ئەمەس، بەلكى بىر باراۋەر ئەزا.

تورخانىدا ئاشۇ دەرستە ناچار باللارنىڭ بەزىلىرى تور ئويۇنلىرىنىڭ پېشۋاسى بولۇپ نۇرغۇن قۇرداشلىرىنىڭ قەلبىدىكى چولپان.

دىسكوخانىلاردا ئاشۇ دەرستە ناچار باللارنىڭ بەزىلىرى نەپىس ھەرىكەتلىرى، چەبدەسلىكى، ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن يەنىلا كۆپلىگەن قۇرداشلىرىنىڭ نەزىرىدىكى چولپان !

شۇنداق، بۇرادەرلەرىملەن بىرگە ئۆتىدىغان ئۇجايلاردا مەكتەپ ۋە ئائىلىدىن « ناچار» لىق ئۇنۋانىنى ئالغان بۇ باللار «بەخت»تىن تەڭ بەھىر ئالالايدۇ، «قىينچىلىق» نى ئورتاق يىگىدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇ يەردە ئۇلار ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن ھۆرمەتنى تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ پاسسىپ باھاسى، ئاتا-ئانىلارنىڭ كارى بولماسلىقى ئۇلارغا نىسبەتەن

جەمئىيەت قويننىڭ كەڭ ـ كۈشادىلىكنى ھېس قىلدۇرىدۇ، ئەسلىدە زېرەك بولغان بۇ باللار مەكتەپ ۋە ئائىلىدىن ئىبارەت ئىككى نۇقتا ئارىلىقىدىكى قۇپقۇرۇق بوشلۇقتىن كېزىپ ئۆتۈپ ، ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولىدىغان سىرلىق ۋە جەلپكار «كوچا»غا كىرىپ كېتىدۇ، ئۇچ خىل ئاساسى مائارىپنىڭ مەغلۇبىيتى ـ شۇنداق قىلىپ « ناچار ئوقۇغۇچى» نى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت «شەرەپلىك» بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ.

خۇلاسە : ياخشى بولغان مائارىپ بولسا ـ ياخشى بولغان بىرخىل ئىكولوگىيلىك سىستېما ، ئوقۇغۇچى ئۆرۈق، ئائىلە تۇپراق، ئوقۇتقۇچى دېھقان، جەمئىيەت مۇھىت. ئۇرۇق بېجىرىم، تۇپراق مۇنبەت، دېھقان تىرىشچان، مۇھىت مۇۋاپىق بولسا ئوقۇغۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئۇرۇق ساق ـ سالامەت ئۆسۈپ يېتىلىپ ھوسۇل بېرىدۇ. بىراق بۇ ئېكولوگىيە زەنجىرىدىكى بىر ھالقا بۇزۇلسا، ئۇھالدا ئوقۇغۇچىنىڭ غەيرى نورمال تەرەققىياتى بارلىققا كېلىدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلە ۋە مەكتەپنىڭ ئورتاق تەربىيەلەش مەسئۇلىيتىنى ئىجرا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم، جەزمەن شۇ پرىنسىپ بويىچە تەلىم ـ تەربىيەنى كۈچەيتىش لازىمدۇر.




ھەجۋىي رەسىم : «ئىلىم چوققىسىغا ئۆرلەش»



# بالىڭىزنىمىشقا يەسلىسىن بەزدى؟

بالىلارنىڭ يەسلىگە بېرىشقا ئۇنىماسلىقى ئادەتتە ئاتا-ئانىلار كۆپ يولۇقىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئاتا-ئانىلاردىن ئادەتتە : بالام دەسلەپتە يەسلى دېسە ئۈچاتتى، ھازىر زورلاپ مىڭبىر جاپادا ئاران ئېلىپ بارىمىز..دېگەندەك زارلاشلارنى ئاڭلاپ تۇرىمىز.

ئەمەلىيەتتە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئاتا-ئانىلار ئىزدەنمەيدۇ ئەمەس، لېكىن كۆپىنچە ئاتا-ئانىلار بۇمەسىلىدە تار دائىرىدە يەكۈن چىقىرىدۇ، ئۇلار يا يەسلىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇچىدىن ياكى بالىسىنىڭ ئۆزىدىكىلا مەسىلە دەپ قارايدۇ.

يەسلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭمۇ بۇ مەسىلىدە ئاتا-ئانىلارغا بېرىدىغان يەكۈنى قېلىپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ خىلدىكى مەسىلىگە يولۇققان ئاتا-ئانىلارغا ھەرقېتىمدا : بالىڭىزنىڭ يەسلىگە كۆنەلمەسلىكى نورمال ئەھۋال، بەزى بالىلارنىڭ يېڭى مۇھىتقا كۆنۈشى سەل ئاستا بولىدۇ، ئاستا - ئاستا ئۆگىنىشىپ كېتىدۇ..دېيىشىدۇ.

ئەلۋەتتە بۇمۇ بالىلارنىڭ يەسلىدىن قېچىشىدىكى بىر سەۋەب، لېكىن بىردىن - بىر سەۋەب ئەمەس.

بىز بۈگۈن سالونىمىزغا چۈشكەن « بەزى بالىلار نېمىشقا يەسلىگە بېرىشقا قېرىقلىق قىلىدۇ؟» دېگەن سوئال ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىچە جاۋابلارنى تەييارلىدۇق، پايدىلىنىپ كۆرۈشكىلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

1-سەۋەب . بالىلارنىڭ پسىخىكا ئالاھىدىلىكى يەسلى يېشىدىكى بالىلارنىڭ يېڭى مۇھىتقا

بولغان قىزىقىشى ئەسلىدە بەكلا يۇقىرى، ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىدا ئوخشاش بولمىغان مۇھىتنى ياقتۇرۇشتەك ئالاھىدىلىك بار. شۇڭا بەزى باللارنىڭ يەسلىدىن زېرىكىشى يەسلىگە كىرگەن كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپلا پەيدا بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ يولۇقتۇرىدىغان يېڭىلىقلىرى كۆنسېرى ئازلاپ، يەسلى كونىراپ بارىدۇ.

ئومۇمەن بۇ ياشتىكى باللارنىڭ نەزىرىدە يەسلى بىر ئوينايدىغان جاي خالاس، يەسلىدىكى تۈرلۈك ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىمۇ ئۇلار ئۈچۈن ئويۇندىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، يەسلىلەردىكى مەلۇم مەشغۇلاتلاردا ئازراقلا تەكرارلىق بولىدىكەن بىرقىسىم باللاردا شۇھامان زېرىكىش باشلىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە باللاردىكى ئورتاق پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىك.

2-سەۋەب ، ماسلىشالماسلىق، قايىل بولماسلىق. ئائىلىدىكى مۇھىت ئەلۋەتتە كەڭتاشا، باللار ئائىلىدە شۇنچە ئىختىيارى، ئەمما يەسلى قانچىلىك ئويۇن شەكلىدە تەربىيەلەش مۇھىتى ھازىرلىسۇن، ئۇ ھامان مەلۇم چەكلىمىلىكلەرنى يولغا قويىدىغان ، مۇنتىزىم پائالىيەت تۈزۈمى بار ئورۇن. باللار يەسلىگە كىرگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارغا توختىماي قائىدە ھەققىدە ئەسكەرتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېلىقى ئەركىنلىكى بوغۇلىدۇ. بىرقىسىم باللار بۇنىڭغا قايىل بولمايدۇ . بۇ باللارنىڭ يەسلىدىن بىزار بولۇشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب.

سىز بالىڭىزغا يەسلىدە نۇرغۇن دوستلارنىڭ، ياخشى ئويۇنچۇقلارنىڭ ، قىزىقارلىق كارتون فىلىملەرنىڭ بارلىقىنى سۆزلەيسىزيۇ، لېكىن ئۇ قايىل بولمايدۇ. ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى ئىنكاس بولسا : شۇنچە ياخشى بولسا، سەن نېمىشقا يەسلىدە ئوقۇمايسەن ؟ بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئەلۋەتتە باللارنىڭمۇ ئويلاش ئۇسۇلى بار، بۇنى كۆپىنچە چوڭلار ئويلاپمۇ كۆرمەيدۇ.

3- سەۋەب ، يەسلىلەرنى باشقۇرۇشتىكى مەسىلىلەرباللارنى كىچىك كۆرمەڭ، ئۇلار ھەممىنى بىلىدۇ دەيمىزيۇ، مۇشۇ ئىشتا بۇنى ئەستىن چىقىرىمىز. راست، ئۇلار بەك

زىيرەك، سەزگۈر ، ئۇلار ھەممىنى بىلىدۇ. ھەتتا چوڭلاردىن سەزگۈررەك بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەسلىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت بېسىمى بەلكىم بەزىلىرىنى قوپال، تېرىككەك قىلىۋېتىشى مۇمكىن، يەسلىنىڭ بەزى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ناмۇۋاپىق بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇمەسىلىلەرگە باللار تەبئىيلا قارشىلىق ئىپادىسىدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەسلى مۇدىرلىرى سەردارىم، يەسلىدىكى يېتەكچىلەرنىڭ خىزمىتىگە چوڭقۇر چۆكۈشى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بىرتەرەپ قىلىشى كېرەك. يەسلى ئوقۇتقۇچىلىرى مېھرىبان، سەۋرچان ھەم مەسئۇلىيەتچان بولمىسا يەسلىدە ئىشلەش ئۇنىڭغا پەقەتلا ماس كەلمەيدۇ.

4- سەۋەب ، ئاتا- ئانىسىز مۇھىتتىكى تەشۋىش يەسلى يېشىدىكى باللارنىڭ ئاتا- ئانىسى بولمىغان مۇھىتتا تەشۋىشلىنىشىنى بىز تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بەزىلەر بۇنى بىر ھەپتىلەردە ياخشىلىنىپ كېتىدۇ - دەيدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە، بەزى باللار ئائىلىسىدىن ئايرىلىسىلا تەشۋىشلىنىدۇ،ئۇلارنىڭ يەسلىدە ئوقۇۋاتقانلىقىغا مەيلى قانچە ئۇزۇن ۋاقىت بولغان بولۇشىدىن قەتئىي - نەزەر، بۇ بىرتۇرلۇك پسىخىكىلىق ھادىسە. ئاتا- ئانىلار ۋە يەسلىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بۇخىل باللارنى بايقىغان ھامان زىچ ھەمكارلىق ئورنىتىپ ، بىرقىسىم مۇناسىپ پسىخكىلىق يېتەكلەشلەرنى ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

5- سەۋەب، بۇ باللارنىڭ تەتۈرئىنكاسلىق مەزگىلى ئۈچ ياشتىن 5 ياشلارغىچە بولغان بۇ ياش باسقۇچىدا باللار بەكلا تەتۈر ئىنكاسلىق بولىدۇ. سىز كاللا دېسىڭىز، ئۇ پاقالچاق دەيدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىكى كۆرۈنەرلىك باللار مۇئەييەن ۋاقىت ۋە ئالاقىلىشىشقا ئېھتىياجلىق. باللارنىڭ تەتۈر ئىنكاسى بەزىدە چوڭلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، لېكىن كۆپىنچە خاتا يېتەكلەشكە ئېرىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، يەسلى ئوقۇتقۇچىسى ئاتا- ئانا بىلەن يېقىندىن ئالاقىلىشىپ تۇرۇشى ، دەل ۋاقتىدا باللارغا نېمە لازىملىقىنى توغرا چۈشىنىشكە تىرىشىشى كېرەك.



# نوبېلغا ئېرىشكەن ئائىلە تەلىملىرى

1901ـ يىلدىن ھازىرغا قەدەر 900 نەپەرگە يېقىن كىشى نوبېل مۇكاپاتىغا نائىل بولغان، گەرچە دىراك ( Paul Adrien Maurice Dirac ) تەك بەختسىز ئائىلە مۇھىتىدا چوڭ بولغان تالانت ئىگىلىرى بولسىمۇ، لېكىن نوبېل ساھىبلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ياخشى بولغان ئائىلە تەربىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ھەربىر نوبېل مۇكاپاتى ساھىبىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يىلتىزىدا ئېسىل بولغان بىر ئائىلە تەلىمى مۇنبەت تۇپراق بولغان. بۇگۈنكى ساندىن باشلاپ بىرقانچە سانغا بۆلۈپ بۇنىڭغا ئائىت بىرقانچە ھېكايىلەرنى دىققىتىڭلارغا سۇنماقچىمەن.

نوبېل مۇكاپاتىنىڭ بولغۇسى ساھىبلىرى بىزنىڭ ئۆيدىمۇ بار، كېيىن راستىنلا ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىكى ، بىزگە باغلىق.

سچرودىڭگېر ( Erwin Schrِdinger ) \ ئاۋىستىرىيىلىك، 1933 ـ يىلى نوبېل فىزىكا ئىلمى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئائىله تەلمى :« نېمنى ياخشى كۆرسەڭ شۇنى ئۆگەن!»

سچروڭگېر كچك ۋاقتدا پەۋقۇلئادا ئەقللك بولغنى ئۈچۈن، دادسى ئۇنى باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرشتن ۋاز كەچكەن. چۈنكى ئۇنى مەكتەپنىڭ «مايسنى تارتىپ ئۆستۈرۈش» ئۇسۇلدا يېتەكلشدىن ئەنسرىگەن ئىدى. دادسى ئۇنى مەكتەپكە بەرمگەندىن كېين ئۇنىڭغا مكروسكوپ قاتارلق ئەسۋابلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ پەن-تېخنكغا بولغان ئشتياقنى قوزغاتقان. ئۇ كېين ئوتتۇرا مەكتەپكە كرگەندىن كېين، ماتېماتكا، فزىكا پەنلرىنى قىزغنلىق بلەن ئۆگىنىپ قالماي، يەنە قەدىمىي تىللارۋە گېرمان شېئىرلرىنمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە دادىسنىڭ گۈزەل-سەنئەت جەھەتتكى ھەۋەسلرىگە ۋارسلىق قىلىپلا قالماي يەنە پىيادە سەپەر قىلىش ، تاغقا يامىشش تەنھەرىكەت تۈرلرىگمۇ قالتس مەستانە بولغان.

مۇشۇنداق بولغاچقا ، ئانسى ئۇنىڭ زېھننىڭ زىيادە چېچىلىپ كېتشدىن ئەنسرەيتى، لېكن دادىسى ئۇنىڭغا : « بالام، ھېچقسى يوق، نېمنى ياقتۇرساڭ شۇنى ئۆگەن !» دەيتتى. گەرچە ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئاساسى زېھننى كۋانت مېخانكسىغامەركەزلەشتۈرگەن بولسمۇ، لېكن ئۇنىڭ كەڭ دائىرىلك بىلملىرى ئۇنىڭ پىكىر يولى ۋە نەزەر دائىرسنى ئىنتايىن كەڭلىككە ئىگە قىلغان.

ۋىلھېلم رېنتگېن ( R Wilhelm ntgen ) \ گېرمانىيەلىك، 1901-يىلى نوبېل فىزىكا ئىلمى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئائىله تەلمى :« ئەگەرسەن تەڭرىگە ئۆزۈڭنىڭ توغرا قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە قەسەم ئېچكەن بولساڭ ئۇنداقتا بوشاشما، پەرىشان بولىدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلما !...»

رېنتگېننىڭ ئانسى بىر ئىخلاسمەن خرىستىيان مۇرىدى ئىدى. ئانسى ئۇنىڭغا ھەرۋاقت رۇس ۋە پەزىلەتلىك ئادەم بولۇشنى تەكىتلەيتى. بىرقېتىم ئۇنىڭ بىر ساۋاقدىشى دوسكىغا گېرىك تىلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ھەجۋىي پورترېتىنى سىزىپ قويىدۇ، ئوقۇتقۇچىسى

رىنتگېن بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى سورايدۇ، لېكىن ئۇ ساۋاقدىشىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشقا قەسەم ئىچكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلايدۇ. شۇ ئىش سەۋەبلىك ھەتتا مەكتەپتىن ھەيدىلىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن ئانىسى ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ :« ئەگەرسەن تەڭرىگە ئۆزۈڭنىڭ توغرا قىلغۇاتقانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچكەن بولساڭ ئۇندافتا بوشاشما، پەرىشان بولىدىغان ئىشنى ئېخمۇ قىلما !...» دەيدۇ .

نىلس . بور ( Niels Henrik David Bohr ) \ دانىيەلىك، 1922-يىلى نوبېل فىزىكا ئىلمي مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئائىلە تەلىمى : « ئۇنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بەر، ئۇ قانداق قىلىشنى بىلىدۇ»

بور ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ھەركىتى ئاستا لېكىن ئىشنى ئىخلاس بىلەن قىلىدىغان بالا ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، دائىم دېگۈدەك بىرقىسىم خىزمەتداشلىرى بىلەن ئائىلىسىدە ئىلمىي سۆھبەت سورۇنى قۇراتتى. ئۇلارنىڭ مېھمانلىرى ئىچىدە سەنئەتكارلار، يازغۇچىلار ۋە مۇزىكانتلار ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرقىسىم چەتئەللىكلەرمۇ بار بولاتتى.

بور بۇنداق چاغلاردا دېگۈدەك مېھمانخانىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ، بۇ قالتىس كىشىلەرنىڭ سۆھبەتلىرىنى ئاڭلايتى. دادىسى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى خىلمۇ - خىل تېمىلار ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىشىپ، مۇنازىرىلىشىپ قىزىشىپ كېتەتتى، بۇ ئىلمىي كەيپىيات كىچىك بورنىڭ قەلبىدە ئىنتايىن چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇردى.

بور ئائىلىسىدىكى تام سائىتى ۋە باشقا ئەسۋابلارنى رېمونت قىلىشقا ئىنتايىن ئامراق ئىدى. بىرقېتىم ئۇ بىر ۋېلىسىپىتنىڭ چاقىنى ئالماشتۇرماقچى بولىدۇ ۋە جۇرئەتكە كېلىپ ۋېلىسىپىتنى چۇۋىدۇ، لېكىن قۇراشتۇرىدىغان چاغدا قانداق قىلىشنى بىلمەي قالىدۇ. بۇچاغدا ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان بىرەيلەن ئۇنىڭغا ياردەملەشمەكچى بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ دادىسى ئۇ دوستىنى توسۇپ : « ئۇنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بەر، ئۇ قانداق قىلىشنى بىلىدۇ»

دەيدۇ. دېگەندەك كىچىك بور، ھەربىر زاپچاسنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، ئاخىرى ۋېلسىپىتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ.

مۇراي گېلمەن ( Murray Gell-Mann ) ئامېرىكىلىق \ 1969-يىلى نوبېل فىزىكا ئىلمى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئائىلە تەلىمى : « بىز نېمىشقا مەسلىھەتلىشىپ باقمايمىز؟»

گېلمەن بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، دادىسىنىڭ تەسىرىدە ئۇقۇزىقىشى ۋە بىلىدىغانلىرى كەڭ دائىرىلىك يېتىلگەن، شۇڭا ساۋاقداشلىرى ئۇنى « ماڭىدىغان قامۇس» دەپ ئاتىشاتتى. 14 ياش ۋاقتىدا ئۇ يالې ئۇنىۋېرستېتى ( Yale University ) غا كىرىپ ئارخېئولوگىيە ۋە تىلشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇشنى ئويلىشىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ قارارى دادىسى تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ، چۈنكى دادىسىنىڭ نەزىرىدە گېلمەن ئۇ كەسىپلەردە ئوقۇسا جەزمەن «ئاچلىقتىن ئۆلەتتى». شۇڭا دادىسى ئۇنىڭغا قۇرۇلۇش ئىلمىدە ئوقۇش تەكلىپى بېرىدۇ، بىراق سىناقتا قاتناشقاندىن كېيىن ئۇ قۇرۇلۇش ئىلمىدە ئوقۇشقا ماس كەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دادىسى ئۇنىڭغا :« بىز نېمىشقا يەنە مەسلىھەتلىشىپ باقمايمىز، فىزىكا ئۆگەنسەڭ قانداق؟» دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. دادا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى شۇ مۇرەسسە كېيىنكى كىۋارك نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسچىسىنى دۇنياغا كەلتۈرىدۇ. ئاخىرىدا دادىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن فىزىكا ئۆگەنگەن گېلمەن ئاساسىي زەررىچىلەر تەتقىقاتى ساھەسىدە 20 يىل شاھەنشاھ بولىدۇ.

دىڭ جاۋجۇڭ( Samuel Chao Chung Ting ) \ جۇڭگولۇق پۇشتىدىن بولغان ئامېرىكىلىق ، 1976-يىلى نوبېل فىزىكا ئىلمى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئائىلە تەلىمى : « 100 نومۇرنىڭ بىر بالىغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق»

دىڭ جاۋجۇڭنىڭ ئانىسى باللار پسىخلوگىيىسى پىروفېسسورى ئىدى، دادىسى بولسا بىر ئاممۋى بىناكارلىق تەتقىقاتچىسى بولۇپ ئۇلارنىڭ مائارىپ تەربىيەسى ئارقا كۆرۈنۈشى

ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئانىسى بالىسىنىڭ پىسخىكىسىنى چىقىش قىلىپ، ماھىرلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، تۈرلۈك بىلىملەرنى ناھايىتى راھەت ھالدا قوبۇل قىلدۇراتتى. گەرچە ئانىسى ئۇنىڭغا بىلىم بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقاچان بالىسىدىن 100 نومۇر ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ باقمىغان. ئۇ: «100 نومۇرنىڭ بىر بالىغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، بالىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يېتىلدۈرۈش، بالىنىڭ دۇنياسىرلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىش روھىنى يېتىلدۈرۈش ھەققىي ئاچقۇچ» دەيتتى. دەل مۇشۇ خىل قاراشتىكى ئائىلە تەربىيەسى دىك جاۋجوڭنىڭ كېيىنكى ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان.

ئېرىنا كيۇرى (Irene Joliot—Curie) فرانسىيەلىك، 1935-يىلى نوبېل خىمىيە ئىلمى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئائىلە تەلىمى: «مەڭگۈ ئىسمىزدە بولسۇنكى: ئىنسان خاراكتېرى مۇستەقىل بولۇشى كېرەك»

ئېرىنا كيۇرى بولسا مەشھۇر ئايال ئالىم كيۇرى خانىمنىڭ قىزى، 1879-يىلى تۇغۇلغان. كيۇرى خانىم قىزىغا ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قوياتتى. بىرقېتىم ئېرىنا ئانىسىغا ئەدەپسىز سۆز قىلىپ سالدۇ، كيۇرى خانىم بۇنىڭدىن بەكلا ئاغرىنىدۇ ھەم قىزىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن بىركۈن ئۇنىڭغا بىرمۇ ئېغىز سۆز قىلمايدۇ. ئېرىنا بۇ كۈننى ئۆمۈر بويى ئۇنۇتمايدۇ. كيۇرى خانىم ئۇنىڭغا ئىلگىرى شۇنداق دېگەن ئىدى: «بىز بۇبىرقانچە ئىشنى بىز مەڭگۈ يادىمىزدا تۇتىشىمىز كېرەك: خىزمەتنى قىزغىن سۆيۈش، مال-دۇنياغا ھېرىسمەن بولماسلىق، ھەم شۇنداقلا مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك، بۇخىل خاسلىق بىزنى ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا، باشقىلارغا تايىنىپ قالماي، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ».

مويەن (莫言) جۇڭگولۇق، 2012-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئائىلە تەلىمى: « ئوغلۇم، مېنى ئۇرغان ھېلىقى ئادەم بىلەن بۇ بوۋاي ھەرگىزمۇ بىر

ئادەم ئەمەس !»

مويەننىڭ ئانىسى ئوقۇمىغان ، خەت تونۇمايدىغان ئايال بولغىنى بىلەن ئۈمىدۋار، پەزىلەتلىك، ئىرادىلىك، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئايال ئىدى. كىچىك مويەن بىركۈنى ئانىسى بىلەن كوللېكتىپنىڭ يېرىگە باشاق تەرگىلى باردۇ، لېكىن بەختكە قارشى ئېتىز باقار كېلىپ قالدۇ، بۇچاغدا باشقا باشاق تەرگۈچىلەر قېچىپ ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مويەننىڭ ئانىسى قاچالماستىن تۇتۇلۇپ قالدۇ. ئېتىزباقار ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قولاق تۈۋىگە بىرنى سالىدۇ-يۇ، ئۇلار تەرگەن باشاقلارنى تارتۋالىدۇ. مويەننىڭ ئانىسى جاۋغىيدىن قان ئاققان ھالەتتە يەردە ئولتۇرۇپ قالىدۇ...

ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن، ھېلىقى ئېتىزباقار ئاق چاچلىق چالغا ئايلىنىدۇ، بىركۈنى مويەن ئانىسى بىلەن بازار ئايلىنىپ يۈرگەندە ئۇلار يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ قالىدۇ. مويەن بالىلىقتىكى ئاشۇ ئىشتا ئانىسىغا بولغان ئىچ ئاغرىقنى ئۇنتۇپ كەتمىگەن ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇ ھېلىقى كىشىنىڭ تازا بىر ئەدەپلەپ قويماقچى بولۇپ تەمشەلگىنىدە، ئانىسى ئۇنى توسۇپ شۇنداق دەيدۇ : « ئوغلۇم، مېنى ئۇرغان ھېلىقى ئادەم بىلەن بۇ بوۋاي ھەرگىزمۇ بىر ئادەم ئەمەس !»

ئېرنست روزفورد ( Ernest Rutherford ) يېڭى زېللاندىيىلىك، 1908 - يىلى نوبېل خىمىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئائىلە تەلىمى : « ھەربىر ئەزا بەلگىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك»

روزفورد لار ئائىلىسىدە 12 بالا باربولۇپ، بىر كوللېكتىپقا ئوخشايتى ، ئانىسى ئۇلارغا دائىم :« ھەربىرىڭلار ئۆزۈڭلارتۇشلۇق مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭلارغا ئېلىشىڭلار كېرەك» دەيتتى. روزفوردنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن بىر پارچە كىتاب بار . ئۇ 10 ياشقا كىرگەن يىلى ، ئۇنىڭ ئانىسى نەدىندۇر-بىرىيەردىن بىرقانچە «فىزىكىغا كىرىش» ناملىق كىتابنى تېپىپ كېلىدۇ، بۇ كىتابتا فىزىكىغا دائىر بىلىملەر بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدىن باشقا بىرقىسىم

ئاددىي تەجرىبە جەريانلىرى تونۇشتۇرۇلغان ئىدى. روزفورد ئاشۇ ئاددىي تەجرىبىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، تەبىئەت دۇنياسىدىكى مۇھىم قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىدۇ. كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىسمى ۋە يېشىنى كىتابنىڭ بىر بېتىگە قىڭغىر-قىيسىق قىلىپ يېزىپ قويىدۇ. ئەينى چاغدا ئۇ بىر ئاي كەم 11 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى ھېلىقى كىتابنى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ.

رونالد ھالى كوئاس ( Ronald H. Coase ) ئەنگلىيەلىك، 1991-يىلى نوبېل ئىقتىساد ئىلمى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئائىلە تەلىمى : « سەن باشقا ھېچ ئىش قىلالمىساڭ كېرىكى يوق، ئەمما جەزمەن سەممىي ھەم راستچىل بولۇشۇڭ كېرەك»

كوئاس كىچىك ۋاقتىدا پۇتى ناكا بولغانلىقتىن ، ئانىسى ئۇنىڭغا تۆمۈر پۇت كىيدۈرمىسى كىيدۈرۈپ، بىر مېيىپلار مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ پۇت-قولى راۋان ئىشلىمىگەچكە بۇيەردىكى سىۋەت توقۇش دەرسىدە سىۋەت توقۇيالماي، بارلىق زېھنىنى كىتاب ئوقۇشقا ، ئۆگىنىشكە ئاتايدۇ. كوئاسنىڭ ئانىسى تەنھەرىكەتنى قىزغىن سۆيىدىغان ، ئىرادىسى قەتئىي ئايال بولۇپ ئۇ كوئاستىن ھېچقانداق تەلەپ كۈتمەيتى، پەقەت ئۇنىڭغا :« بىچارە روھنى ( ئەركىلەتمە ئىسمى ) چوڭ بولغاندا ھەقىقىي بىر ئادەم بولغىن، ھەرگىزمۇ باشقىلارغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمە» دەيتتى. 1927-يىلى ، كوئاس تارىخ ۋە خىمىيە پەنلىرىدىكى قالتىس نەتىجىسى بىلەن تەييارلىق ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

Success=1%IQ+99%EQ

مۇۋەپپەقىيەت بىرپىرسەنت ئەقلىي بۆلۈنمە ۋە 99% ھېسسىي بۆلۈنمىنىڭ قوشۇلمىسى



# سىز كىتابنى قانداق ئوقۇيسىز ؟

كىتاب قانداق نەرسە ؟ بۇنىڭغا جاۋاب بەرمىسەڭىزمۇ بولىدۇ، مەيلى قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىي - نەزەر ئۇ مودا قوغلىشىپ سېتىۋالىدىغان ياكى ئىستېمال قىلىدىغان نەرسە ئەمەس. بۇ يىل كىتاب ئوقۇش يىلى سىز قانچىلىك كىتاب سىتۋالدىڭىز؟ قانداق كىتابلارنى سېتىۋالدىڭىز؟ قايسىلىرىنى ئوقۇپ چىقتىڭىز؟ مېنىڭ بىرقانچە تونۇش - بىلىشلىرىممۇ كىتاب يىلىنىڭ مودىسىدىن قالماسلىق ئۈچۈن بىرمۇنچە كىتاب سېتىۋالدى ، ھەم ئىشكاپىغا تىزىپ قويدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك باشقىلارنىڭ تەۋسىيە قىلىشى ئارقىلىق كىتاب تاللىدى.

يەنە بىر قانچە قېتىم باشقىلارنىڭ تەكلىپى بىلەن كىتابخۇمارلارنىڭ «ئىلىم چېيى» نامىدىكى پاراڭ سورۇنلىرىغا داخىل بولدۇم، ھېس قىلىشىمچە بىزدە يەنىلا نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئېڭىدا «كىتاب» - تېخىچىلا تارىخى رومان ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن ئىزاھلىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ.ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پەقەت شۇ ئېقىلمىدىكى كىتابلارنىڭلا پارىڭىنى قىلىشىدىكەن ؟!

مەن « ئۆمۈر بويى پەقەت ئۆزۈڭ چۈشۈنەلەيدىغان سەۋىيەدىكى كىتابلارنى ئوقۇپلا ئۆتسەڭ، ئۇ ھالدا سەن كىتاب ئوقۇمىغان بولىسەن » دېگەن گەپنى بەكلا ياخشى

كۆرىمەن، ئەتراپىمىدىكى مەن تونۇيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر تەپەككۇرسىزلا كىتاب ئوقۇيدىغاندەك بىلىندۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بايقىشىمچە ئىش-پۇشۇقنى چىقىرىش خاراكتېرىدىكى كىتابخۇمارلار.

تەپەككۇرنى چېنىقتۇرۇشنى ئويلايدىغان ئادەم نېمىنى ياقتۇرسا شۇنى ئوقۇش دېگەن سەپسەتىدىن نېرى تۇرۇشى كېرەك، بىلىش كەڭلىكىنى زورايتىش ، چۈشىنىش تېرەنلىكىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھازىرقى سەۋىيەسىنى خىجىل قىلالايدىغان كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇش ئاقلانىلىك. بۇ بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنىڭ نەشرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ يېڭى تەپەككۇر مەشغۇلاتىغا ماسلىششىمىز ئۈچۈن پايدىلىق ، بۇنىڭدىكى لەززەت خۇددى بىز يېڭىدىن ھەرپ ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا ئېلىپبەمۇ دۇنيادىكى ئەڭ قېيىن كىتابتەك بىلىنسىمۇ، شۇنىڭدىكى ھەربىر سۆزنى ئوقۇۋالغاندىن كېيىنكى ئالەمشۇمۇل خۇشاللىقنىڭ لەززىتىدەك تاتلىق بولىدۇ.

ئەگەر قانداق كىتابلارنى ئوقۇش كېرەك ياكى كىتابنى قانداق تاللاپ ئوقۇش كېرەك دېگەن مەسىلىدە يەنىلا مەسلىھەت كېرەك بولسا، تۆۋەندىكىلەرنى ھەزىم قىلىپ بېقىڭ :

1. ئوبزورلار توپلىمى دېگەندەك كوتولداش تېپىدىكى كىتابلارنى ئاز ئوقۇش ياكى ئوقۇماسلىق كېرەك، ئوقۇپ سالساقمۇ دەماللىققا ئۇنىڭدىكى قاراشلارغا ئىشەنمەسلىك كېرەك.

2. ئامال بار ۋاقىت چىقىرىپ مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ، شارائىت بەكەرەك يار بەرسە نەق ئەسلى نۇسخىسىنى تېپىپ ئوقۇش كېرەك. بۇنىڭدا باشقىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە قۇلاق سېلىشقا بولمايدۇ، تەمنى ئۆزىڭىز تېتىپ كۆرۈڭ.

3. قوللانما ، ئۇسۇل ـ چارە تېپىدىكى كىتابلاردىن بىر ـ ئىككى پارچىنى ئېھتىياج ئۈچۈن ئوقۇش كۇپايە، چۈنكى بۇنىڭدا ھەممىدىن ئۇنى ئىشلىتىپ ئۇنۇمىنى كۆرۈش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

4. ئوبيېكتقا بىۋاستە ئۇدۇل قاراش ئارقىلىق تونۇش ھاسىل قىلىش ، ئۇنىڭ پوتكۇل قىياپىتىنى كۆرۈشكە قادىر بولالمىغنا تەقدىردىمۇ، ھەرگىز ئۇنىڭ سايىسىنىلا كۆرۈۋالماسلىق كېرەك.

5. كىتابنى ئۆزىڭىزنىڭ قىممەت قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈنلا ۋاراقلىماڭ، بەلكى ئۇنى تۈزىتىش ياكى تولۇقلاشنى مەقسەت قىلىڭ، بۇ دۇنيادا «ھەقىقەت» يوق، پەقەت چۈشىنىش بار.

6. كىتاب ئوقۇغاندا جەزمەن تەنقىدىي تەپەككۇر قىلىش كېرەك، تەپەككۇر قىلىش خۇشياقمىسا كىتابنىمۇ ئوقۇمايلا قويغان تۈزۈك، دېمەكچى بولغىنىمىز كىتاب ئوقۇش مۇھىم ئەمەس، كىتاب ئوقۇش تەپەككۇر قىلىشىمىز ئۈچۈن.

7. يېڭى بىلىملەر بىلەن ئۆزىمىزدە بار بولغان بىلىم سىستېمىسىنى تۇتاشتۇرۇش كېرەك، تارقاق ۋە پارچە ـ پۇرات بىلىم قوغلاشماسلىق لازىم. بىز بەيدۇ ياكى گۇگۇل ئەمەس، ئادەم بىلەن ئىزدەش موتورىنىڭ پەرقى شۇكى ئادەمنىڭ بىلىمى سىستېمىلىققا ئىگە، ئىزدەش موتورىنىڭ بولسا تويلانمىغا تەۋە.




**بىرىنچى پاراك** بىردېھقان ئۇقۇشماستىن بىر دوكتورلار توپلانغان ئۇندىدار توپىغا ئەزا بولۇپ قاپتۇ. بىرچاغدا ، توپتىكى بىر دوكتور كۆپچىلىككە بىر مەسلىنى تاشلاپتۇ : بىر تامچە سۇ ئىنتايىن ئېگىزجايىدىن ئەركىن ھالەتتە چۈشتى دەپ قارىساق، ئەگەر ئۇ بىر ئادەمنىڭ بېشىغا سوقۇلسا ئۇ ھالدا ئۇ كىشى يارىلىنامدۇ؟ ياكى ئۆلۈپ قالامدۇ؟

شۇنىڭ بىلەن توپ ئىچىدە مۇنازىرە ، تالاش ـ تارتىشلار باشلىنىپ كېتىپتۇ، بەزەنلىرى تۈرلۈك فورمۇلا، قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويسا، بەزەنلىرى قارشىلىق كۈچى، ئېغىرلىق كۈچى ، تېزلىك دېگەنلەرنى ھېسابلىشىپ ، بىر ـ ئىككى سائەت كاللا قاتتۇرۇشقان بولسىمۇ، مەسلىنىڭ قايىل قىلارلىق جاۋابى چىقماپتۇ.

باياتىن بۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئىچى سىقىلغان دېھقان پوسوڭكىدە قىلىپ سوئال تاشلاپتۇ : ئەجەبا ھېچقايسىڭلار يامغۇردا قالمىغانمۇ؟

توپتىكىلەر بىر ھازا جىممىدە بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، دېھقاننىڭ ئۇندىدارىغا « سىز توپ

قۇرغۇچى تەرپىدىن چىقىرىۋېتىلدىڭىز» دېگەن ئۇچۇر كەپتۇ.

ھاھاھا ..بەك بىلىملىك بولۇپ كېتىش مۇشۇنداق خەتەرلىك ئىش.

بېشارەت : بىلىم سىزگە نۇرغۇن پىكىر ئۇسۇللىرىنى جۇغلاپ بېرىدۇ، لېكىن تەجرىبە سىزنىڭ مەسىلىلەرنى تېخىمۇ تېز ھەل قىلىشىڭىزغا ياردەم قىلالايدۇ. ھاياتنى قەدىرلەپ كىتاب خالتىلىرىدىن نېرى تۇرۇڭ !

**ئىككىنچى پاراگ** ئەر بىر تال بېلىق سېتىۋېلىپ ، ئۆيگە ئېلىپ كەلدىدە، ئايالىغا بېلىقنى پىشۇرۇپ تورۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزى كىنوخانىغا ماڭدى. ئايالىنىڭمۇ كىنو كۆرگۈسى كېلىپ ئۇنىڭغا ئېيتۇدى. ئەر : ئىككىلىمىز كىنو كۆرسەك ، پۇل ئىسراپ بولىدۇ، سەن بېلىقنى تازا ئوخشىتىپ قورۇپ تۇرغىن، مەن قايتىپ كېلىپ ، بېلىق يېگەچ ساڭا كىنونىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بەرسەم بولمامدىمۇ - دېدى. ئايالى ماقۇل بولدى.

ئەر كىنونى كۆرۈپ، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، شىرە ئۈستىدە بېلىق قالدۇقىنىلا كۆرۈپ تۇۋلىۋەتتى : بېلىق قىنى ؟!! . ئايالى ناھايىتى سالماقلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئولتۇردى ۋە تەمكىن ھالدا : ھەممىنى يەۋەتتىم ، كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، مەن سىزگە بېلىقنىڭ قانچىلىك تەملىك پىشقىنىنى ئېيتىپ بېرەي، سىز كىنونىڭ ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ ...

مۇنداق بىرگەپنى ئۇنتۇپ قالماڭ : مەن ساڭا بىرھال كەمپۈت بەرسەم ، سەن ناھايىتى خۇشال بولىسەن، ئەمما باشقا بىرىگە ئىككى تال كەمپۈت بەرگىنىمنى كۆرگەندە ماڭا باشقىچە نەزەردە قارايسەن. بىراق، سەن ئىلگىرى ئۇنىڭمۇ ماڭا ئىككى تال كەمپۈت بەرگىنىنى ، ئۆزۈڭنىڭ ھېچنەرسە بەرمىگىنىنى بىلمەيسەن !؟

**ئۈچىنچى پارىك** بىرتۇپ شال پاخلى كوچىغا تاشلىنىپ قالسا ئەخلەت بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن يىپسسۇيلەك باغلاپ قويساق ، ئۇ يىپسسۇيلەكنىڭ قىممىتىگە شېرىك بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدا قىسقۇچپاقا باغلىساق، ئۇ قىسقۇچپاقنىڭ نەرخىگە شېرىك بولىدۇ، شۇنداق بىزنىڭ كىم بىلەن بىرگە »باغلىنىشىمىز« ئىنتايىن مۇھىم.

بىشارەت : سەن ئوخشاش بولمىغان ئادەملەر توپىدا ئوخشاش بولمىغان قىممەتكە ئىگە بولىسەن. سەن يەنە ئوخشاش بولمىغان سەھنىدە تۇرغاندىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئوخشىمىغان باھاغا نائىل بولىسەن. شۇڭا، گەپنىڭ قىسقىسى ئۆزۈڭگە ئاكتىپ ئېنېرگىيە بېرىدىغان ئادەملەر توپىنى تاپ!

**تۆتىنچى پارىك** ئالى مەكتەپ ئىمتىھانى بەرگە ئاشۇ يىلى، مەن ئاران 200 نومۇر ئالدىم، لېكىن ئاپامنىڭ بىر دوستىنىڭ بالىسى 680 نومۇر ئېلىپ نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا كەتتى، مەن قايتا ئىمتىھان بىرسەممۇ ئوخشاش دەپ ، ئىشلەمچىلىككە كىرىشىپ كەتتىم. ئارىدىن 9 يىل ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئاپىسى مېنىڭ ئاپامغا ئوغلىنىڭ يېقىندا مەلۇم شىركەت تەرىپىدىن ئايلىقىغا ئون مىڭ يۈەن مائاش بىلەن تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى كۆز-كۆز قىلىۋاتقاندا، مەن ئۇنى تەكلىپ قىلىش ـ قىلماسلىق ھەققىدە ئويلىنىۋاتقان ئىدىم ...

تاشپولات روزى ئەزىز : مۇئەللىم ، دەرستە ناچار باللارنى كەمسىتمەڭ ـ ھە؟!

بىشارەت : ساۋاقداش، سەن ئالى مەكتەپتە ئوقۇيالمىساڭ ھېچقىسى يوق، ئەمما بەش، ئون يىلدىن كېيىنكى يىپ-يىڭى ئۆزۈڭ ئۈچۈن قاتتىق تىرىشمىساڭ بولمايدۇ.

**بەشىنچى پارىك** بىرەيلەن ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن ، بىر ئۆيگە ئەمدىلا كىرىپ

تۇرۇشغا ئۆي ئىگىسى خانىم كېلىپ قاپتۇ. ئوغرى كارىۋات ئاستىغا مۆكۈنىۋالغان بولسىمۇ بايقىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زورلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ قېچىپتىكەن، ئاقىۋەت يەنىلا تۇتۇلۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىنىپ ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئاز دېگەندە ئون يىللىق قاماقىش تەقدىرىگە دۇچار بولۇپتۇ. كېيىن، ئۇ بىر ئادۋوكاتتىن ياردەم تەلەپ قىلغان ئىكەن، ئادۋوكات ئۇنىڭغا ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قىلىش جىنايەتلىرىنىڭ جىنايەت دەرىجىسى ۋە جازا ئۆلچەملىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىقرار مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدا ئۆي ئىگىسى ئايالغان باسقۇنچىلىق قىلىش نىيىتىدە ئۇ ئۆيگە كىرمەكچى بولغانلىقىنى، ئەمما نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئەمەلگە ئاشمىغان باسقۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن دەسلەپكى ھۆكۈمدە 3 يىللىق قاماق جازاسى كېسىم قىلىنىپتۇ. چۈنكى باسقۇنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئۆيگە كىرىش - كىرمەسلىك بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.

ئۇ سولتەك بۇنىڭغىمۇ قايىل بولماي بىر قانۇن پەنلىرى دوكتورىدىن ياردەم سوراپتۇ. دوكتور ئۇنىڭغا : سەن مۇنداق ئىقرار قىل، ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدىم ، لېكىن ئۇ ناھايىتى سەت ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن نىيىتىمدىن يېنىپ قېچىپ كەتتىم. - دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق قىلىش نىيىتىدىن يانغان، قارشى تەرەپكە زىيانكەشلىك ھەرىكىتىدە بولمىغان دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىپ ، جىنايى ئىشلار جازاسى بىكار قىلىنىپتۇ.

ئۇ سولتەك بۇنىڭ بىلەنمۇ بولدى قىلماي، بىر جىنايى ئىشلارقانۇنشۇناسلىقى دوكتۇرىنى تېپىپ مەسلىھەت سوراپتۇ ، ھەم ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئاخىرقى ئىقرارىنى مۇنداق تاپشۇرۇپتۇ: «مەن ئەسلىدە ئۇ ئۆيدىكى ئەرگە زورلۇق قىلىش ئۈچۈن كىرگەن، لېكىن كۆتۈلمىگەندە ئايالى باشتا كېلىپ قالدى ...» .شۇنىڭ بىلەن قانۇندا ئەرلەرگە جىنسى

پاراكەندىلىك سىلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ قانداق جىنايەتلىكى ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ ئىككىنچى سوتتا گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىپتۇ.

**بېشارەت : بىلىم - تەقدىرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. لۈكچەك قورقۇنۇچلۇق ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلىقى لۈكچەكلەرنىڭ بىلىملىك بولۇشى.**

**جەمئىيەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش تەشەببۇسى بىلەن ئىنسانىي ئەخلاقنى تەڭ تەكىتلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى قانۇن ئەخلاقسىز ئادەملەرنىڭ قولىدا پەقەت بىر جان قۇتۇلدۇرۇش قورالى خالاس.**

## تىزگىنلەنگەن نۇر

ئانتونىي دې مىللو (ھىندىستان)

پىرھەزرەت كېسەل كارۋىتىدا بىرقانچە ھەپتە ھوشسىز ياتتى. بىركۈنى ئۇ توساتتىن ئىسىگە كېلىپ، كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر شاگىرتىنىڭ كارۋىتى يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى.

- بۇ كۈنلەردە سەن كارۋىتىم يېنىدىن ئايرىلىپ باقمىدىڭ، شۇنداقمۇ؟ - دەپ سورىدى ئاجىزغىنە ئاۋازدا.

- شۇنداق، مەن سىلىدىن ئايرىلالمايمەن ئۇستاز.
- نېمە ئۈچۈن ؟

- چۈنكى سىلى ھاياتىمنى يورۇتقان نۇر.

شاگىرتىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان پىرھەزرەت تولىمۇ خۇرسىنغان بىر ھالدا شۇنداق دېدى :
- مېنىڭ نۇرۇم كۆزىنى شۇنچە قاماشتۇرامدۇ، ئۇساڭا تاكى ھازىرغىچە ئۆزھۇجۇدۇڭدىكى نۇرنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى بەرمىدىمۇ؟

خەنزۇچە ئوقۇرمەنلەر تورژورنىلىنىڭ 2014 - يىللىق 21 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.



## لوندون «گوللاندىيە سارىيى» كۇتۇپخانىسىنىڭ ئۇقۇرمەنلىرى

راست گەپنى قىلسام بۇ سۈرەتنى ئىلگىرى كۆرگەن بولساممۇ ، بىرەر تارىخى كىنونىڭغا ئائىت رەسىمىكىن دەپ ئانچە ئېرەڭشىمىگەن ئىدىم، لېكىن قايسى كۈنى تاسادىپىي ھالدا مەلۇم خەنزۇچە فوتوسۈرەت ھەۋەسكارلىرى تورىبكىتىدە بۇ سۈرەتكە ئائىت ھېكايىنىڭ قىسقىچە ئىزاھاتىنى كۆرۈپ قىلىپ، قىزىقىش پەيدا بولدى ۋە ئاخىرقى ھېسابتا تاپقانمۇ بولدۇم...

گوللاندىيە سارىيى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئوقۇرمەنلىرى - بۇ مەزكۇر سۈرەتنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان نامى ھېسابلىنىدۇ. سۈرەتتىكى مەنزىرە قارىماققا كىشىگە بۇنىڭ بىر توقۇلما كۆرۈنۈشتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. خارابىلىققا ئايلانغان كوچا بۆلىكىنىڭ ئىككى قاسىنقىغا كىتاب جاھازىسى بېكىتىلگەن، ئۈچ شلەپىلىك مۆتىۋەر پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقان ! ..كىممۇ بۇنى رېئال مەنزىرە دېيەلىسۇن شۇنداقمۇ؟

ئىنكارلىق ھۆكۈمىمىزنى ئىنكار قىلىدىغىنى شۇكى ، بۇ ھەقىقىي بىر مەنزىرە ئىدى. مەنمۇ دەسلەپتە راستىنلا ئىشەنمىگە ئىدىم، لېكىن كېيىن ئىشەنمەسلىككە باھانە تاپالمىدىم.

1940 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرى كېڭستون ، بىر كۇتۇپخانا ناتسىستلارنىڭ بومباردىمانىدا ئاساسەن خارابىلىققا ئايلانغان ئىدى. بۇ دەل سۈرەتتىكى خارابىلىق ـ گوللاندىيە سارىيى كۇتۇپخانىسى .

ئىس ـ تۈتەكلەر تارقىلىپ، قۇلاق تىنچىغان شۇ پەيتتە بۇ ئۈچ مۆتىۋەر كۇتۇبخانىنىڭ خارابىسىدە تۇرۇپ ، يەنىلا ئىلگىرىكىدەك جىمجىتلىقنى ساقلىغان ھالدا كىتاب ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ ئىھياتچان ئەنگلىيەلىكلەر شۇنچە پۇزۇر كىينىپ، پىتىدىن چۈشمىگەن بولۇپ، تولىمۇ خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. ئۇلار خارابىلىك ئىچىدە، چوڭ كىتاب جاھازىسىنىڭ ئالدىدا جىمجىتقىنا كىتاب ئوقۇۋاتقان بولۇپ، كونا قائىدىنى ئۇنتۇپ قالمىغاندەك قىلاتتى...

سۈرەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى كۇتۇپخانىنىڭ ئۆگزىسى پۈتۈنلەي پاچاقلانغان، ئەگەر گېرمان بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى قايتا بومباردىمان قىلىشنى باشلىسا مۆكۈنگۈدەك دالدا يوق .. لېكىن بۇ ئۈچ كىتابخۇمار ئۇرۇشنى ئۇنتۇپ كەتكەن، ئىنسانلارنىڭ بۇ ئەخمىقانە قىلمىشلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن، ئەكسىچە ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە غەرق بولۇپ كەتكەن ...

ناتسىست گېرمانىيەسى 1940 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن تاكى 1941ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنگىچە ئەنگلىيەنىڭ چوڭ شەھەرلىرى ۋە سانائەت مەركەزلىرىنى غالجىرلارچە بومباردىمان قىلدى.بۇنىڭ ئىچىدە لوندوننىڭ ئۇچرىغان تالاپىتى ئەڭ ئېغىر. تولۇق بولمىغان سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا گېرمانىيە ئارمىيەسى 76 كېچە-كۈندۈز بومباردىمان قىلغان، 100مىڭ يۇرۇش قورۇلۇش ۋەيران بولغان، 43مىڭ كىشى ھاياتىدىن ئايرىلغان. قىسقىسى لوندون ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدىكى ئەڭ ئېغىر بومباردىمان ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ئۈچ چوڭ شەھەرنىڭ بىرى.

بۇ بومباردىمانلاردا گېرمانىيە ئارمىيەسى يېڭىدىن تەتقىق قىلىپ چىققان VI ۋە V2 بومبىلىرىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ماتورلۇق قېيىقتەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بۇ مۇدھىش قورال

لوندون ئاسمىنىدىن تۆكۈلۈپ تۇراتتى ، قىيا - چىيا، قورقۇنچ ۋە ئۆلۈم لوندون كوچىلىرىنى يالمايتتى .

بىراق، ئەينى دەۋردە دەھشەتلىك ئۇرۇش ئاپىتى پۈتكۈل دۇنيانى دوزاخقا ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، ھامان مەلۇم مىساللار ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ قۇدرىتىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى .

لوندوندىكى گوللاندىيە سارىيى كۇتۇپخانىسى خارابىلىكىدە كىتاب ئوقۇۋاتقان ئۈچ نەپەر ئوقۇرمەن تىپىك مىسال ئەمەسمۇ ؟

ھەتتا ئىنسانىيەت ئەڭ ئۈمىدسىزلىككە دۇچ كەلگەن ، زوراۋانلىق ۋە جاللاتلىق ئەۋجىگە چىققان كۈنلەردىمۇ ھېچقانداق بىرۋەھىمە بىلىم ئىلىشقا بولغان تەلەپنى پۈتۈنلەي توسۇپ قالالىغان ئەمەس. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قانچىكى جاپالىق دەۋرلەردە ، خەلقنىڭ تىنچلىق ۋە ھەقىقەتكە بولغان تەلپۈنۈشى شۇنچىكى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، جىن-ئالۋاستىلارقانچىكى قۇتراپ كەتمەن دەۋرلەردە خەلقنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان تەلپۈنۈشى شۇنچىكى توساۋسىز كۈچىيىپ بارىدۇ.

بىر كىتاب ئوقۇش ئادىتى بار ئادەم- ئىچكى دۇنياسى قەتئىيلىككە ئىگە ئادەمدۇر، ئىچكى دۇنيادىكى قۇدرەت چەكسىز بولىدۇ. مەيلى قانچىلىك ئىلغار قورال بولسۇن ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى قۇدرەتنى يوقۇتالمايدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغۇچىلار پۈتكۈل شەھەرلەرنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغاندىمۇ، ھامان ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتىگە ئائىت ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مەيدانغا چىقىدۇ. ھامان بىر قىسىم ئادەملەر زۇلمەت قوينىدا چىقراق ياقىدۇ، يورۇقلۇق تارقىتىدۇ، يورۇق سۈبھىنى چىللايدۇ.

«گوللاندىيە سارىيى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئۈچ نەپەر ئوقۇرمىنى» نىڭ قەلبىدە شۇ نەرسە روشەنكى، ئۇرۇش هامان ئاخىرلىشىدۇ، تىنچلىق هامان قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ شەخسى ئىقتىدارى ، كۈچى لوندوننىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە يېتىشمەيدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارىلىۋاتقىنى مەدەنىيەتنىڭ ياۋايىلىققا قارشى مۇرەسسەسىز قارشىلىقىدۇر.

پەقەت ئىنسانلا بىلىمنىڭ جۇغلىنىشى ۋە تەجرىبىلەرنىڭ تارقىتىلىشىنى يېتەرلىك ئەهمىيەتكە ۋە قىممەتكە ئىگە قىلالايدۇ. كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان هەربىر ئادەم قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، بىلىمنى هۆرمەتلەيدىغان هەربىر مىللەت قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، ئۇلار هەرقانداق بىر قاراڭغۇ دەۋرنىڭ يورۇق روجەكلىرى بولالايدۇ.
كىتاب ئوقۇش ئادەمنىڭ تەقدىرىنى يېتەرلىك ئۆزگەرتەلەيدۇ، كىتاب ئوقۇيدىغانلار تويى زور بولغان مىللەتنىڭ تەقدىرى ياخشىلىنىدۇ. كىتاب ۋە كىتابخانا (كۇتۇپخانىلار) لار كۆتۈرۈپ تۇرغىنى دەل بىر مىللەتنىڭ ئۈمىدى ۋە كېلەچىكى. شەهەرلىردە كىتابخانا ۋە كۇتۇپخانىلىرىغا تۆرىدىن ئورۇن بەرگەن خەلقلەرنىڭ بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسى ئۈمىدكە تولغان.

«گوللاندىيە سارىيى» كۇتۇپخانىسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا گوللاندىيە باغچىسى تىياتىرخانىسى سېلىنغان بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا كۇتۇپخانىنىڭ خارابىسى لايىھەلىگۈچىنىڭ لايىھەسىدە تىياتىرخانىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان.

ئۇرۇش ئوتلىرى لاۋۇلداپ تۇرغان ئەينى يىللىرى لوندونلۇقلار كىتاب ئوقۇشنى، ئۇسۇل ئويناشنى يەنىلا تۇرمۇشىغا هەمراھ قىلغان، هەتتا پۇتكۇل لوندون ناتسىستلارنىڭ غالجىرلارچە

بومباردىمانىدا ئاساسەن كۈكۈم ـ تالغان بولاي دەپ قالغاندىمۇ شۇنداق داۋام ئەتكەن ..تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغىنى شۇكى ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئىسكەنجىسى ئاستىدا شۇنداق بىرخىل جاھىللارچە قەتئىيلىك بىلەن قەيسەرانە مەدەنىيلىك داۋام ئەتكەن ...

گوللاندىيە سارىيى كۈتۈپخانىسى خارابىسىدىكى ئۈچ نەپەر ئوقۇرمەننىڭ بۇ سۈرىتى ـ دۈشمەن بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ پۈتكۈل لوندوننى ۋەيران قىلالىغىنى بىلەن لوندونلۇقلارنىڭ بەخت تۈيغۇسىنى ، ئۈمىدۋارلىقىنى تەۋرىتەلمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ يازما بارلىق كىتاب ئوقۇيدىغانلارغا بېغىشلاندى ..






بىيولوگىيە ئالىمى Hans-Peter Kubis دوكتور كاربونىك ئىچىملىكلەرنى بەدىنىمىزگە بولغان تەسىرى ھەققىدە بىر مەخسۇس تېماتەتقىقاتىنى قانات يايدۇرغان بولۇپ، نەتىجىسى كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇردى. ئەگەر سىز دوكتۇرنىڭ بايقىشى ھەققىدىكى مەزكۇر يازمىنى ئوقۇپ چىقسىڭىز، ئەشۇ بۆززىدە ئاۋاز چىقىرىدىغان نەرسىگە مەڭگۈ يېقىن يوللىماسلىقىڭىز مۇمكىن. راستىنى ئېيتسام مەن بۇخىل ئىچىملىكلەرگە بەكلا ئامراق ئىدىم، بۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن ھەققەتەنمۇ قورقتۇم ھەم چۈشلۈك ئارام ئېلىش ۋاقتىمنى قۇربان قىلىپ، سىزئۈچۈن بۇنى ئۆزتېلىمىزغا ئاغدۇرۇپ ئولتۇرۇپتىمەن. ھەراست، ئەگەر كاربونىك ئىچىملىكلەردىن مېھرىڭىزنى ئۈزۈشكە كۆزىڭىز يەتمىسە بولدى، بۇ يازمىنى مۇشۇ يەرگىچىلا ئوقۇڭ.

بىزلەر ئۈچۈن تېخى نەچچە يىللار ئىلگىرى بىرقۇتا كاربونىك ئىچىملىك ئىچىشنىڭ ئۆزى بىر پاراغەتلىك ئىش ئىدى، لېكىن ھازىرقى كۈندە ھەركۈنى دېگۈدەك ئىچىپ تۇرىدىغان بولدۇق.

ئەمەلىيەتتە بۇخىل ئىچىملىكلەرنىڭ تازا ساغلام ئەمەسلىكى ھەققىدە ئوك-تەتۇر تارقىلىپ

يۈرگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا ئۇزۇن بولدى، بىراق خۇددى تاماكىغا ئوخشاش ئۇنىڭ زىيانلىق تەرىپىنى ئاگاھلاندۇرۇش دەرىجىسىدە ئەسكەرتىپ، قۇتىسىغا يېزىپ قويۇش كېرەكمۇ؟ ئاڭلىماققا بۇ تازا ئورۇنسىز غەم-ئەندىشىدەك بىلىنىدۇ، ئەمما ئەڭ يېڭى تىببىي تەتقىقاتلار بىزنى ھەققەتەنمۇ غەم قىلغۇدەك نەتىجە بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ.

كۈندە بىرەر قەدەھ ياكى ھەپتىدە بىر-ئىككى قۇتا ئىچىشتەك مۇشۇنداق مۇۋاپىق مىقداردىكى ئىستىمال قىلىشمۇ بىزنىڭ مېتابولىزىم ئىقتىدارىمىزغا تەسىر كۆرسىتىپ، ياغ توپلىنىش، ھەتتا يۈرەك كېسىلى خەۋپىنى كۈچەيتىش، جىگەرنىڭ ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى قان بېسىمىغا گىرىپتار قىلىشتەك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلەلەيدىكەن.

بالىلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ بۇخىل ئىچىملىكلەرگە خۇمار بولۇپ قىلىش ئاقىۋىتى كېلىپ چىقىشى بەك يۇقىرى بولۇپ، ئاقىۋەتتە ئەخلەت يېمەكلىكسىز كۈنى ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

Bangorئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقات مەركىزى ياۋروپادائىرىسىدە تارقىلىدىغان مەلۇم ئوزۇقلۇقشۇناسلىق ژورنىلىدا ئېلان قىلغان تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىشىچە، كاربونىك ئىچىملىكلەرماددا ئالماشتۇرۇشقا تەسىركۆرسىتىپ، مۇسكۇللىرىمىزنىڭ قەنتلەرنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ياغنىڭ توپلىنىشنى كۈچەيتىۋېتىدۇ.

ئەلۋەتتە ماددا ئالماشتۇرۇش ئۇنۇمىنىڭ تۆۋەنلىشىشى بەدىنىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، قەنت ماددىسى ئۆرلەپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ئىككىلەمچى دىئابىت كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە يەنە خىلى كۆپ تەتقىقاتلار بۇھەقتە توختىلىپ كاربونىك ئىچىملىكلەرنىڭ سالامەتلىككە بولغان تەسىرى ھەققىدە بىزنى ئاگاھلاندۇرماقتا. مەسىلەن؛ 2012-يىلى 3-ئايدا ئا ق ش يۈرەك ساغلاملىقى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژورنىلىدا بىر تەتقىقات دوكلاتى ئېلان قىلىنغان، ئۇنىڭدا بىلدۈرۈلۈشىچە: ھەركۈنى 12ئۇنسىيە قەنتلىك ئىچىملىك ئىستىمال قىلىدىغان ئەرلەر، ئىچمەيدىغان ئەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش

نىسبىتى 20% يۇقىرى بولىدۇ. قان تەكشۈرۈش ئۈسۈلىدا كۆزەتكەندە دائىم كاربونىك ئىچىملىك ئىچىدىغان ئادەمنىڭ قان تومۇرلىرىنىڭ ياللۇغلىنىش دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ، يۇقىرى زىچلىقتىكى ئاقسىل ستىرول سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولىدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ دەل قاندىكى قەنت مىقدارىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆرلىشىنىڭ ئاملى . بۇ نەتىجە دەل Biomarkers and Prevention، journal Cancer Epidemiology نىڭ تەتقىقات بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرھەپتىسى ئىككى قۇتا كاربونىك ئىچىملىك ئىچىدىغان ئادەمنىڭ( ھەر قۇتىسى تەخمىنەن 330 مىللىلىتىر بولسا ) مەزى بېزى راكىغا گىرىپتار بولۇش خەۋپى نورمال كىشىلەرنىڭ ئىككى ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ.



شۇنىڭ بىرۋاقىتتا ئىسرائىلىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىرتەتقىقاتىدا كۆپ مىقداردىكى مېۋەشەربىتى كاربونىك ئىچىملىكلىرىنىڭ جىگەرگە زەخمەت يەتكۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ھەركۈنى ئىككى قۇتا كاربونىك ئىچىملىك ئىچىدىغان ئادەمنىڭ ياغلىق جىگەر( جىگەر قېتىش ۋە جىگەرراكىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى ) گە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى نورمال ئادەملەردىن بەش ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن.

ئادەمنى يەنە بىئارام قىلىدىغىنى تۈرلۈك تەتقىقاتلار كاربونىك ئىچىملىكلەرنىڭ ئۆسمۈرلەرنى ئاسانلا سېمىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ. 4 يىل بۇرۇن ، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ساغلاملىق تەتقىقات مەركىزى بىرتۈرلۈك تەتقىقاتنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنغان 346 نەپەر ئوتتۇرىچە يېشى 11 ياش بولغان ئۆسمۈرلەرگە كاربونىك ئىچىملىك ئىستېمال قىلغۇزغاندىن كېيىن قايتا ئىستېمال قىلىش تەقەززاسى بولغانلىرى كۆپ بولغان، ئەمما ئادەتتىكى مېۋە شەربىتى ئىچكەندىن كېيىن بولسا ئۇنداق ئىنكاس بولمىغان. تەتقىقات نەتىجىسىدىن يەنە مەلۇم بولغانكى كاربونلۇق ئىچىملىك بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان باللاردا تاتلىققا خۇمارى تۇتۇشتەك يامان ئادەت شەكىللىنىپ قالىدىكەن.

لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يۈرەك كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى St George تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كاربونلۇق ئىچىملىكلەرگە ئامراق ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ، تۇز مىقدارى يۇقىرى يېمەكلىككە ئامراق ياش-ئۆسمۈرلەردىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان Kubis . دوكتۇرنىڭ قارىشىچە، سۇيۇق قەنت بەدىنىمىزگە زىيانلىق بولۇپلا قالماي يەنە بىزنى خۇمار قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سۇيۇق قەنت ناھايىتى ئاسانلا ئاشقازانغا كىرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ تەنگە سۈمۈرۈلۈشى تېخىمۇ ئاسان، بۇنداق ئاسان سۈمۈرۈلۈش بەدىنىمىزنىڭ ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چوڭ مېڭىنىڭ ۋىتامىن مىنېرال ماددىلارغا بولغان تەم سېزىمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇخىل ئىچىملىكلەرگە بولغان خۇمارلىق بارغانسىرى كۈچىيىپ بارىدۇ. بۇنىڭ جەريانى خۇددى خۇمارقىلغۇچى دورىلارغا خۇمار بولۇپ قىلىش جەريانىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار كاربونلۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشنى توختاتقاندا ئاچچىقلىنىش، تىت-تىت بولۇشتەك بىئاراملىقلار يۈز بېرىدۇ، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى ، ھازىر تېخى كاربونلۇق ئىچىملىكلەرنىڭ ئورنىنى ئالغۇدەك مەھسۇلاتلار يوق دېيەرلىك بولۇپ، گەرچە ساپ لىمون شەربىتى ياكى قۇتىسىغا ساغلاملىق

ئىسپاتى بېسىلغان تەنھەرىكەت ئىچىملىكلىرى بار دېسەكمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ سۇيۇق قەنتتىن مۇستەسنا ئەمەس، ھەتتا بەزى مېۋە ئىچىملىكلىرىنىڭ سۇيۇق قەنت مىقدارى كاربونلۇق ئىچىملىكلەرنىڭكىدىن كۆپ.»

كاربونلۇق ئىچىملىكلەر يەنە چىشىمىزنىڭ ساغلاملىقىغىمۇ زىيانلىق. 2012-يىلى 6-ئايدا General Dentistryژۇرنىلىدا بىرپارچە تەتقىقات نەتىجىسى ئاشكارىلانغان بولۇپ، كولانى ئىچكەندىن كېيىنكى دەسلەپكى 30 مىنۇتتا ئۇنىڭ چىشنى چىرىتىش ئۈنۈمدارلىقى مېۋە شەربىتىنىڭكىدىن 10 ھەسسە كۈچلۈك ئىكەن، بۇنىڭدىكى باش جىنايەتچى ئىچىملىك تەركىبىدىكى سىترات كىسلاتاسى. ئەنگلىيە چىش ئىلمى ژۇرنىلىنىڭ ئېلان قىلغان دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ھەركۈنى 4 قۇتا كاربونلۇق ئىچىملىك ئىچكەندە چىشنىڭ كاۋاكلىشىش كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتىنى %252 يۇقىرىلىتىدۇ.

قانۇن تۇرغۇزغۇچىلار ئالىقاچان ھەرىكەتنى باشلىغان بولۇپ، نيۇيورك شەھەر باشلىقى Michael Bloombergھەرقۇتىسىغا 16 ئۇنسىيەدىن ئارتۇق قاچىلانغان كاربونلۇق ئىچىملىكلەرنى سېتىشنى چەكلەش پەرمانىنى جاكارلىغان. 2011-يىلدىن باشلاپ ھونگرىيە ھۆكۈمىتى مۇشۇنداق ئەخلەت يېمەك-ئىچمەكلەردىن يۇقىرى باج ئېلىشنى باشلىغان. 2012 يىلىنىڭ بېشىدىكى بىرتۈرلۈك تەكشۈرۈشتە نۆۋەتتە فرانسىيە شەھەرلىرىدە سېمىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 2 مىليوندىن ئارتۇق كىشى بولۇپ، فرانسىيەمۇ كاربونلۇق ئىچىملىكلەرگە نىسبەتەن باج ئېلىشنى كۈچەيتكەن. بۇخىل قانۇن ۋاستىسىنى قوللىنىش ھەققەتەن زۆرۈر، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى مۇنداق ھېسابلىغان ئەگەركاربونلۇق ئىچىملىكلەردىن ئېلىنىدىغان باجنى %20گە كۆتۈرسە ئەنگلىيەدىكى زىيادە سېمىزلار %1 كېمىيىدىكەن ( 400000 ئادەم )

Mike Raynerدوكتۇر مۇنداق دەيدۇ:« بىز كاربونلۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتە كىشىلەرنى چەكلەپ بولالمايمىز، شەخسەن ئۆزۈممۇ بەك ئامراق، بىراق بايرام ۋەئارام

كۆنلىرىدىكى تەمنىلەشنى جەزمەن قاتتىق كونترول قىلىش كېرەك.»

دېگەندەكلا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باج ئېلىشى ئەنگلىيە كاربونلۇق ئىچىملىكلەر جەمئىيىتىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا دۇچار بولدى. ئۇ لارنىڭ باياناتچىسى Richard Lamingنىڭ قارىشىچە كاربونلۇق ئىچىملىكلەر خۇددى باشقا خىلدىكى ئىچىملىكلەردەك بولۇپ، نورمال يېمەك-ئىچمەكلەرنىڭ بىرقىسمى سۈپىتىدە ئىستىمال قىلىشقا مۇۋاپىق، بۇنىڭدىن باج ئېلىشنىڭ ھېچقانداق باھانىسى يوق. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئەنگلىيە كاربونلۇق ئىچىملىك ئىشلەش ساھەسى نۇرغۇن قەنت تەركىبى تۆۋەن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقارماقتىكەن. ئۇ : ئەنگلىيىدىكى تەخمىنەن يېرىم شۇخىلدىكى مەھسۇلاتلار نۆل كالورىيىلىك ئىچىملىكلەردۇر - دىگەن.

بېقىندىBangor ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى Richard Laming ئەپەندىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. تەتقىقات 4 ھەپتە داۋام قىلغان بولۇپ پەقەت 11 ئادەم قاتناشقانKubis، دوكتۇربۇ تەجرىبىنىڭ چەكلىك بولۇپ قالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولۇپ، ئۇ نۆۋەتتە تەجرىبە دائىرىسىنى ئىرىشىپ كېڭەيتىۋېتىپتۇ، ئۇلار يېڭىدىن كۆپ مىقداردا كاربونلۇق ئىچىملىك ئىچىشنى باشلىغانلارنىڭ كاربونلۇق ئىچىملىكنى ئىستىمال قىلىشنى توختىتىش - توختاتماسلىق نەتىجىسىگە قارايدىكەن. بىراق، ئۇ قېيىن بىر مەسىلىگە دۇچار بولغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئىلگىرى كۆپ مىقداردا كاربونلۇق ئىچىملىك ئىچىش تارىخى بولمىغان ياشلارنى تېپىش بەسى مۇشكۇل بىر مەسىلە ئىكەن.






## بىلەمسىز؟

كىنو كۆرۈشمۇ بىر تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەت، شۇڭا كىنوغا ئائىت ئانچە-مۇنچە بىلىملەرنى ئىگىلەپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق. چوڭ-كىچىك ئادەملەر توپى ئىچىدە ھەرقايسى قاتلامغا مۇناسىپ ئېكران چېگرىسى بولمىغاندا قانداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى بىزگە ئايدىڭ. بۈگۈن مەن كىنو دەرىجىسى( يەنە ساغلاملىق دەرىجىسى دەپمۇ ئېلىنىۋاتىدۇ) ھەققىدە ئاز-تولا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەي.

كىنو دەرىجىسى بىر تۈرلۈك ئۆلچەم، يەنە بىر تۈرلۈك پايدىلىنىش قىممەت ئۆلچىمى. بۇنىڭدا كىنونىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك دەرىجە بېكىتىلىپ، مەزكۇر فىلىمنى كۆرۈشكە ماس كېلىدىغان كۆرەرمەن توپى بېكىتىلىدۇ.

دۇنيا مىقياسىدا بىرلىككە كەلگەن، ئېنىق بىر كىنو دەرىجىسى بېكىتىش پرىنسىپى، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم بولغانلىقى نامەلۇم. ئەمما بۇنىڭ قاراتمىلىقى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئۆسمۈرلەر ۋە باللارنى قوغداشتىن ئىبارەت.

لېكىن كۆپىنچە ھاللاردا ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئالدىدا مەزكۇر دەرىجە كۆرسەتكۈچى رولىنى يوقىتىپ قويماقتا، بىرقىسىم كىنو سودىگەرلىرى مەزكۇر قائىدىگە رىئايە قىلماي،

ياش-ئۆسمۈرلەر تورپىنى زوراۋانلىق ۋە شەھۋانىيلىق مەزمۇنى قېتىلغان كىنولارنىڭ ئاساسلىق ئىستېمالچىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ھەقتە بىلدۈرۈلگەن پەقەت يوق دېيەرلىك بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن بەزى مەسىلىلەر كېلىپ چىقىۋاتقان بولۇشى تەبىئىي.

نۆۋەتتە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە ، كورىيە قاتارلىق سانائەتلەشكەن دۆلەتلەر كىنو دەرىجىسىنى بېكىتىش ھەققىدە خېلىلا مۇكەممەل تۈزۈم بېكىتكەن. نۇرغۇن دۆلەتلەردە كىنو دەرىجىسىنى بېكىتىش كونكرېت قانۇنى كۈچكە ئىگە ئەمەس، بەلكى مۇشۇ كەسىپ ئىچكى قۇرۇلمىسىدا كونكرېت چەكلىمە كۈچىگە ئىگە بولۇپ، پەقەت كۆرۈرمەنلەرگە ئەسكەرتىش بېرىش بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ.

ئەڭ مۇھىمى بۇيەردە خۇددى تاماكا قېپىغا ئەسكەرتىش يېزىلغىنىدەكلا، ئىستېمالچىلاردا تاللاش ھوقۇقى بولىدۇ. كىنو كۆرۈرمەنلىرى ئۆزىنى قوغداشنى بىلىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇن-سىن سودا ساھەسىدىكىلەرمۇ بۇ جەھەتتە مەدەنىي ھەرىكەتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىستېمالچىلارغا نىسبەتەن يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە بۇخىل مەنزىرىنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىلا كۆرۈش مۇمكىن.

ھازىرچە دۆلىتىمىز كىنو ساھەسىدە بۇخىل دەرىجە تۈزۈمىدىن تېخى سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ، ئەمما سىياسىغا ياتىدىغان چەكلەش ئۆلچەملىرىنىڭ بارلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز.

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك تاللاش ھوقۇقى يەنىلا ئۆزىمىزدە بولغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇندىن كېيىن كىنو كۆرۈشتىن ئىلگىرى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇشۇنداق بىر ئىش بار ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويساق بولىدۇ.

توردىن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈشۈمچە ھازىر بىزگە ئاساسلىق كىنو كىرگۈزۈۋاتقان ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە، شياڭگاڭ، كورىيە، سىنگاپور،

ئــران...قاتــارلىق دۆلەت-رايونلارنــڭ بــۇھەقتە ئېنــق بەلگىلىمىســى بــار ھەم ئېنــق ئەسكەرتىشى بار.

مەن بۇيەردە ئارىمىزدىكى ئامېرىكا كىنولىرى مەستانىلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى كـۆزدە تۇتـۇپ، ئامېرىكا كىنولىرىنىڭ دەرىجە ئايرىلىشىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي:

ئامېرىكا كىنولىرىنىڭ دەرىجىگە ئايرىلىش ئەھۋالى

ئامېرىكـدىكى «ئامېرىكـا كىنـو ئۇيۇشمىسـى MPAA (»تولـۇق نـامى The Motion Picture Association of America)نىڭ باش شتابى كالىفورنىيە شتاتىغا جايلاشقان بولـۇپ، 1922-يىلـى قۇرۇلغـان MPAA .ئامېرىكـا كىنوچىلىقـدىكى مـۇھىم ئورگـان ھېسابلىنىدۇ MPAA.لوس-ئانجېلېس ۋە ۋاشىڭتوندا ئەزالىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئۇنــڭ ئەڭ ئاساســلىق ھەيئەتلــك ۋەزىپىلىرىنــى ئامېرىكــدىكى يەتــتە چــوڭ كىنــو ۋە تېلېۋىزىيە گىگانت شىركەتلىرىنىڭ رەئىس ۋە لىدىرلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئۇلار:

1.دىسنى شىركىتى(Walt Disney Company)

2.سونىي شىركىتى(Sony Pictures Entertainment,Inc)

3.پارامونت شىركىتى(Paramount Pictures Corporation)

4.بىزگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان 20 -ئەسىر فوكس شىركىتى (Twentieth Century Fox Film Corp)

5.ئۇنىۋېرسال ستۇدىيىسى( Universal Studios,Inc)

6.ۋېرنېر ئاكا-ئۇكىلار شىركىتى(Warner Bros)

7.Metro-Goldwyn-Mayer شىركىتى( MGM)

8.كولومبىيە ئۈچ يۇلتۇز كىنو شىركىتى (columbia tristar motion picture group)

MPAAبېكىتكەن كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنىڭ دەرىجە تۈزۈمى تۆۋەندىكىچە:




Gدەرىجە( GENERAL AUDIENCES All ages admitted )

ئاممىباب دەرىجە، ھەرقايسى قورامدىكىلەر كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ دەرىجىدىكى فىلىملەردىكى مەزمۇنلاردىن باللار بىلەن چوڭلار ئورتاق بەھر ئالالايدۇ. يالىڭاچ، جىنسىي ئالاقە، زەھەر چېكىش، زوراۋانلىق كۆرۈنۈشلىرى بولمايدۇ. نورمال تۇرمۇشتىكى نورمال

ئالاقە تەسۋىرلىنىدۇ.

PGدەرىجە ( PARENTAL GUIDANCE SUGGESTED Some material may not be suitable for children)

بۇ ئادەتتىكى دەرىجە بولۇپ، ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆرۈش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، ئەمما ئايرىم ئازبىرقىسىم كۆرۈنۈشلەر، گەپ-سۆزلەر باللارغا ئۇيغۇن كەلمەسلىكى مۇمكىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا جىنسىيەت، زەھەر، زوراۋانلىق، تېررورلۇق كۆرۈنۈشلىرى بار بولسىمۇ، ئىنتايىن قىسقا، ياكى مۇۋاپىق بولۇپ چەكتىن ئېشىپ كەتمىگەن ھالەتتە. (ئەمما سەممىزدە بولسۇنكى بۇ باھا سۆزى مېنىڭ ئەمەس، بەلكى شۇ ئۆلچەمدىكى چۈشەندۈرۈش، شۇڭا ھەققەتەن شۇنداق بولىدىغانلىقىغا كاپالەت بېرەلمەيمەن).

PG-13دەرىجە ( PARENTS STRONGLY CAUTIONED Some material may be inappropriate for children under 13)

بۇمۇ ئادەتتىكى دەرىجە ، لېكىن 13 ياشتىن تۆۋەنلەرگە ماس كەلمەيدۇ. يېتەكچىلىك قىلىشتا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، دېمەكچى بىر قىسىم مەزمۇنلىرى باللارغا ئىنتايىن ماس كەلمەيدۇ. بۇ دەرىجىدىكى كىنولاردا قوپال، زوراۋانلىق كۆرۈنۈشلىرىنىڭ مىقدارى كۆپ بولمىسىمۇ، ئارىلاپ يالىڭاچ كۆرۈنۈش، زەھەر چېكىش، مەينەت گەپ-سۆز دېگەندەكلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

Rدەرىجە (RESTRICTED Under 17 requires accompanying parent or adult guardian)

بۇ چەكلەش دەرىجىسىگە تەۋە، 17 ياشتىن تۆۋەنلەرنىڭ كۆرمەسلىكى ياكى ئاتا-ئانا، مەخسۇس يېتەكچىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۆرۈشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ)ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە ماس كېلىدۇ. بۇ خىلدىكى فىلىملەردە جىنسىيەت، زوراۋانلىق، زەھەرگە ئالاقىدار مەزمۇنلار بىرقەدەر كۆپ، قوپال- مەينەت گەپ-سۆزلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

NC-17دەرىجە(NO ONE 17 AND UNDER ADMITTED)

17ياشتىن تۆۋەن كۆرۈرمەنلەر بىردەك چەكلىنىدۇ، بۇ ئادەتتە قورامىغا يەتكەنلەر كۆرۈشكە بولىدىغان فىلملەر ھېسابلىنىدۇ . بۇخىلدىكى فىلملەردە جىنسىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى كۆپ ھەم ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەندىن تاشقىرى يەنە كۆپ مىقداردا زوراۋانلىق كۆرۈنۈشلىرى بولىدۇ. بۇ خىل كىنولارنى ئاممۋى كىنوخانىلاردا قويۇشمۇ چەكلىنىدۇ.

داداشتىن يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىش : يۇقىرىقى چەكلىمىلەردە ئوبيېكت قىلىنغان كۆرۈرمەنلەر ئايرىمىسى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىشى تەبئىي، ئەمما بىزگە ماس كېلىدىغان كەلمەيدىغانلىقىنى ئەقلىلىك بولغان سىز جەزمەن بىلەلەيسىز. قىسقىسى، بۇ يەردىكى كىنو دەرىجىسى دىن ۋە ئەخلاق قاتارلىق خاس مەدەنىيەت ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن بولغانلىقى سەۋەبىدىن خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەمنىڭ بارلىققا تەس. سۆزۈمنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە تىپىك ئىسلام دۆلىتى بولغان ئىراننىڭ كىنو تەستىقلاش تۈزۈمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتەي:

ماتېرىيالدىن كۆرۈشۈمچە ئىراننىڭ كىنو تەستىقلاش تۈزۈمى 4 باسقۇچتىن تەركىپ تاپىدۇ: بىرىنچى باسقۇچتا، كىنو سىنارىيىسى تەكشۈرۈش قوبۇل قىلىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا، رول ئالىدىغان ئارتىسلار ۋە كىنو ئىشلەش خادىملىرى تەكشۈرۈلىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچتا، كىنو پۈتكەندىن كېيىنكى تۈنجى ئەۋرىشكە تەكشۈرۈلىدۇ. تۆتىنچى باسقۇچتا، مەزكۇر كىنونى تارقىتىش -قويۇش ئىجازەتنامىسى ئىلتىماسى تەستىقلىنىپ، A,B,Cئۈچ دەرىجە بويىچە كىنونى تارقىتىش، تەشۋىق قىلىش ئىشلىرى ھەققىدە تەستىق چىقىرىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئىران كىنولىرى دەرىجىگە ئايرىلغاندا ئامېرىكا فىلملىرىدەك مەزمۇنغا قاراش بىھاجەت، بەلكى سۈپىتىگە قاراپ ئايرىلىدۇ A . دەرىجىلىك فىلملەر ئورگان تەرەپنىڭ تىلىۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن تەشۋىقات

**ئېلانى بىردۇ، ئەڭ ياخشى كىنوخانىلاردا، ئەڭ ياخشى ۋاقىتتا قويۇلىدۇ C. دەرىجىلىك كىنولار بولسا تېلېۋزىيە تەشۋىقاتى تارقىتالمايدۇ، بىرقەدەر شارائىتى تۆۋەن كىنوخانىلاردا قويۇلىدۇ...**

## (10+2)*5 ئۆگىنىش (ۋاقىت باشقۇرۇش ) ئۇسۇلى ھەققىدە

(10+2)*5 ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى بىلەمسىز؟ بۇنىڭدىكى 10 نىڭ ئىپادىلەيدىغىنى بولسا10مىنۇت ئىچىدە پۈتۈن زېھنى(100%) بىلەن مەلۇم ئىشنى قىلىش، ۋاقىت توشقاندا ئاندىن ئارام ئېلىش.
2نىڭ ئىپادىلەيدىغىنى بولسا 10مىنۇتلۇق خىزمەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن 2 مىنۇت ئارام ئېلىشىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا چاي ئىچەمسىز، تورغا چىقامسىز ....نېمە قىلىسىڭىزمەيلى، ئەيتاۋۇر مەلۇم شەكىلدەئارام ئالىسىز، لېكىن 2مىنۇت ۋاقىت تولغان ھامان، دەرھال خىزمەتكە كىرىشىپ كېتىشىڭىز كېرەك، يەنى تىزىملىكتىكى ئىشلارنى ئورۇندايسىز.
5نىڭ ئىپادىلەيدىغىنى بولسا: بىرسائەت ئىچىدە مۇشۇنداق ئۇسۇلنى بەش قېتىم تەكرارلاش.
بۇنى ئورۇنداش جەريانىدا مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك: 10مىنۇت ئىچىدە ۋەزىپىڭىزنى تاماملىۋېتىشكە كۈچىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، پەقەت ئىلگىرىلەش بولسا بولىدى، ئەگەر10مىنۇت توشماي تۇرۇپلا تاماملىۋەتسىڭىز دەرھال توختاپ 2مىنۇت خالىغان شەكىلدە ئارام ئالىسىز، ئاندىن يەنە 10مىنۇت خىزمەت قىلىسىز، ھەرگىز ئارام ۋاقتىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ. مانا مۇشۇنداق سىناق ئېلىپ بارىمىز، بۇ تەرتىپ سىزنى لايغەزەللىك كىرىزىسىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ.
ئەگەر قايسى بىر ۋاقىتتا ئۆزىڭىزدە سۆرەلمىلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلسە بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى داۋالاش ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ.

بۇخىل ئۇسۇل كىملەرگە ماس كېلىدۇ؟
1. ئىش بېجىرىشتە سۆرەلمىلىك قىلىدىغانلار
2. ئوي-پىكرى ئاسانلا چېچىلىدىغانلار
3. توربېسىمى بار كىشلەر(تورخۇمارلىق كېسلى بارلار دېمەكچى)
4. زور بىرتۈركۈم ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىشقاتقان ئادەم
5. مەلۇم كۆلەمدىكى خىزمەتنى تۈركۈم بويىچە ھەل قىلىشتا قىينىچىلىققا يولۇققان ئادەم
سىزنېمىلەرنى ھازىرلايسىز؟
1. بىردانە ھېسابلاش ماشىنىسى
2. بىرپارچە ئاددىيغىنە تۈزۈلگەن ئىش بېجىرىش تېزىسى
3. بىرسائەت ۋاقىت
4. سىزنىڭ ئەشۇ سۆرەلمىلىك كېسەللىكىڭىز
قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈمىز؟
(10+2)X5 نىڭ تەرتىپىنى يەنە تەكرارلايمىز:
1. ئون مىنۇت ئىچىدە پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن مەلۇم ئىشنى ئورۇندايسىز، ۋاقىت توشقان ھامان ئارام ئالىسىز.
2. ئارام ئېلىش ۋاقتى ئىككى مىنۇت بولىدۇ، بۇۋاقىتتا ئۆزىڭىز خالىغان بىرئارام ئېلىش شەكلىنى ئىختىيارى تاللايسىز، ئەمما ۋاقىت توشقان ھامان خىزمەتكە ئاتلىنىپ تېگىشلىك ئىشنى قىلىسىز.
3. بىرسائەت ئىچىدە بۇ تەرتىپنى بەش قېتىم تەكرارلايسىز.